ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھالاكىتى

مائارىپنىڭ گېپى تىلغا ئېلىنسىلا بەزى ئاتالمىش >> مۇتەپپەككۇر<<لار ئۆزىنىڭ ئۇ ھەقتە قانچىلىك كىتاپ
يازغانلىقىنى < قانچىلىك تىل بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىلمىي ئۇنىۋانلىرىنى پەش قىلىدۇ ـ يۇ < لېكىن تۆۋەندە
بولىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا < ئەمىلىي تەكشۈرۈشلەردە بولماي < پىچىترىۋەتكەن كالىدەك بېشىنى ئىچىگە
تىقىۋالىدۇ . دەرسلىك تۈزۈش ئىشلىرىدا ئۇلار تولىمۇ ئاۋانگارت ! چۈنكى ! ئۇنىڭدىن >> نەپ
<<چىقىدۇ .

مائارىپ مىللەتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى بەلگىلەپ تۇرىدىغان ئاساسى ھالقا . ئۇنىڭدىن ئايرىلغان مىللەتنىڭ
. ىسى قاراڭغۇ . ئۇنداقتا ئۇيغۇر مائارىپىڭ ھازىرقى ھال كۈنى قانداق ! بۇ مىللەت ئۈچۈن ئېغىزدا شۇئار
توۋلاپ قويۇش بىلەنلا بايقىغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس ! بەلكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتالغان ! قان ئېقىپ
تۇرغان >> قىپقىزىل يۈرەك<< لا كېرەك . ئەلبەتتە !

ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ كۈنسىرى زاۋانلىققا يۈز تۇتىۋاتقانلىقىنى
ئەقىلدار كىشىلەر تۇيۇپ يېتەلەيدۇ . بۇنداق دىيىشىمىزنىڭ ئاساسى ھەقىقى ساپا مائارىپى ئوقۇغۇچىلار
ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالالمىدى . مەكتەپلەردىكى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مۇھىم نوقتىسى >> ئىمتىھان مائارىپى
<<لا بولۇپ < باللارغا ئىلىپ بېرىلىدىغان ئۇيغۇر گۈزەل ئەخلاقلىرى بىر چەتتە تاشلىنىپ قالدى < بەزى
مۇدىرلار بۇنى چىڭ تۇتسا سىياسى خاتالىق ئۆتكۈزىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى . بۇلار دەل ئۇخلاپ
تۇرۇپ >> سىياسى ئۆگىنىش << قىلغانلاردۇر . شۇڭا ئۇلار دۆلەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىدىن بىخەۋەر .
>>ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىش<< نى شۇئارلار چاقىرىقىدا ئۆگەنگەچكە . ئۇلار سىياسەتنى تەتۈرگە
ئىجرا قىلىشقا خۇشتار . شۇڭا 12 يىل مەكتەپ ئوقۇپ چىققان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قولىدىن ھېچ ئىش
كەلمەيدىغان 2 ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئۇياقتا تۇرسۇن ـ ئانىسىنىمۇ تونۇمايدىغان بىر ماڭقۇرتنىڭ
رولىنى جەمىيئەتتە >> ئاكتىپ<<لىق بىلەن ئۆتەيدۇ . بۇلار ئىچىدىكى ئوغۇللار چىرىك ئىدىيىنىڭ قۇلى
بولسا . قىزلار داپ يۈز بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ . ئاللاھ ياراتقان ئەشۇ دەسمىسىنى >> << > ىلچە
ھېيىقماي سالىدۇ . چۈنكى ئۇلار مەكتەپلەردە >> ئادىمىيلىك << تەربىيىسىدىن ۋە ئۇيغۇر ئەدەپ ـ

Unregistered

ئەخلاقىدىن دىلى سۇ ئىچمەيگەنلەر ئىدى . ئەنە شۇنداق >> مەخلۇق<< لار مەكتەپلىرىمىزدىن تۇركۇملەپ يېتىشىپ چىقماقتا . بۇنىڭغا >> ئالاھىدە << ھەسسە قوشۇۋاتقان >> سۆيۈملۈك << مۇدىرلارغا ۋە رەھبەرلەرنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ >> جان << ئالاقىچىلىقىدا قالغان   بىر قىسىم روھىي كېسەل ئەمما >>شام >><< قۇياش >><< باغۋەن<< دېگەن >>مۇبارەك<< نامى بار >>ئوقۇتقۇچى<< لارغا >> ھەۋەسلەنمەي << تۇرالمايمىز .

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى   ئەشۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولى>> دەرسلىك<< تىن بۆلەك يىل بويى بىرەر كىتاپ كۆرمەيدۇ . ئەشۇ ھالى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا قانداقمۇ >> نەپ << بەرەلەيدۇ .

ئېتىمسا بولمايدىغان يەنە بىر تەرەپ شۇكى   بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ كېيىنكى >> ئىستىقبالى <<نى ئويلاپ   ئەنزۇ مەكتەپلىرىگە بەرگەچكە ئۇيغۇر مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار شالاڭلاپ چۆلدەرەش ھالىتى شەكىللىنىپ قالدى < ھەتتا بىر قىسىم مەكتەپلەر تاقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى . بىزنىڭ يۇرتىنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدىكى بىر ئۇيغۇر مەكتىپى تاقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەچكە . ئوقۇتقۇچىلار بۇ يەردە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن سۈرەتلەرگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرغان ... يەنە بۇنداق مەكتەپلەردىن نەچچىسى بار بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ ...

شۇنداق بىر مەسلىمۇ بىزگە دىۋەيلەپ تۇرۇپتۇ >> : قوش تىل ئوقۇتۇش<< نى بىر قىسىم رەھبەرلەر ئاڭلىق ھالدا ئەمەس   بەلكى . قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىۋاتقاچقا . ئوقۇتۇش سۈپىتى بارغانچە تۆۋەنلەۋاتىدۇ . ئۆز ئانا تىلىدا ئۆتكەن دەرسلەرنى تۈزۈك ھەزىم قىلالمايۋاتقان يەردە   خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى چۈشۈنۈپ ھەزىم قىلالىسۇنمۇ   ! بۇمۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھالاكىتىنى كۈتۈۋېلىشىمىز!

>> ...   << يارىتىپ بېرىۋاتقان بىر تەرىپى . بەلكىم بۇ قېنى >> قىزىپ<< كەتكەن بەزى رەھبەرلەرنىڭ يۇقىرىنىڭ تەكىتلەۋاتقان >> ئىدىيەدە ئازاد بولۇش<< دېگەن چاقىرىقىنى ئۆز >> ئەملىي <<تىدە كۆرسىتىۋاتقىنى بولسا كېرەك ...

كۆزلىرىمگە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار كۆتۈرگەن مەرىپەت مەشئىلىنىڭ نۇرى بارا ـ بارا ئۆچۈۋاتقاندەك

UnRegistered

كۆرۈنۈپ كەتتى . مەمتىلى ) تەۋپىق ) ئەپەندىنىڭ مۇنۇ شېئىرى ئىسىمگە كىلىپ كۆزلىرىم تۇمانلاشتى:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەيمىز

ئارزۇمىز راۋاجلانسۇن مائارىپ !

# ئۇيغۇر مائارىپىغا نەزەر

ئامېركا ئالىمى پىسىخولوگ جىك ھونتېر

تەرجىمە قىلغۇچى ـ ـ ـ ئابباس مونىياز . ياقتۇرۇپ رەتلىگۈچى ـ ـ ـ ـ ـ ـ مەخمۇت ئابلىمىت

قويىچى( شىخو >>( دۇنياۋى مەتبۇئاتنا كىملەرنىڭ گېپى <<ناملىق ماقالىلار توپلىمىدىن

ئىلىندى .

مۇقەددىمە ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ مەن ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالغان ئەلدە خېلى ئۇزۇن تەلىم ئالدىم .لېكىن

مەندە قالغان تەسىرات شۇ بولدۇكى( ئۇ يەردە ھەققى مەنادىكى مائارىپ تېخى شەكىللەنمەپتۇ .

ۋەتەنگە ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەن بولسام . مەنمۇ تەربىيىسىز قالاركەنمەن . زاۋۇتتىن چىققان

خىشتەك . بىر خىللا ئىدىيىلىك. بىر قېلىپتىكى ئادەملەرنى تەربىيلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئۇ

سىستىما ھەققىدە بەك كۆپ توختالغۇم يوق . ئۇلار تېخى ئۆزلىرىچە مائارىپتا ئىسلاھ ئېلىپ

بېرىۋاتىمىز . دەپ قارايدىكەن . ئۇلار ئىسلاھات دەپ چۈشەنگەن ئىشنىڭ ماھىيىتىنى قىسقىلا

قىلىپ ئۈچ نوقتىغا يىغىش مۇمكىن .

ـ1ـ ـ . ئۇيغۇر مائارىپىدىكى >> ئىسلاھات << قا ئىزاھات

ئۇلار بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقىلى يىگىرمە نەچچە يىل بولدى دەپ ماختىنىدىكەن .

ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇر مائارىپىدا ئەزەلدىن ئىسلاھات بولۇپ باقماپتۇ . بىر زاماندا روسلارنىڭ

Unregistered

ئەندىزىسى بىلەن شەكىللەنگەن مائارىپىدىن پەخىرلەنگەن ئىكەن . مانا ئەمدى خەنزۇ مائارىپىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىن ماختىنىپ يۈرۈپتۇ . بۇ خىل كۆچۈرۈلمە ئەندىزىسىمۇ يىل ساناپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن . بۇ يىل نىشانلىق ئوقۇتۇش دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقسا . كېلەر يىلى ساپا مائارىپى دىگەن گەپنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن . ھازىر >> ئېمتىھان مائارىپى << دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلسا . ئەتە تۇرۇپلا ئامىرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى پېداگوكى بۆلۈمىنىڭ نەزەرىيىسىنى بازاراغا سالىدىكەن . مەھمۇت قەشقىرى . نىزامىدىن ئەلشىر ناۋايى . . . قاتارلىق يىتۈك ئۆلىما ئۇستازلىرى ياراتقان تەربىيلەش تەجرىبلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمەي. چەتئەلنىڭ سۇخۇلمىنىسكى . كۇڭزى كەبى پېداگوكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ماس كەلمىگەن تەشەببۇسلىرىغا ئىسلىۋالىدىكەن . ئىسلاھات دەپ كۈچىگەنسىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى كۆپىيىپ كېتىدىكەن . ئۇ دەرسلىكلەر ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بولۇپ . ئۇنى ئوقۇپ چىققانلار رېئاللىققا تۇرمۇشقا زادىلا ماسلىشالمايدىكەن . ئەقەللىيسى . فىزىكا ئوقۇغانلار ھەمىشە كۆرۈپ تۇرغان شال بىلەن بۇغداي مايسىسىنى پەرىقلەندۈرەلمەيدىكەن . باشلىق كۆپەيتىش ـ ـ ئۇلار دىگەن ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى ئىكەن >> . ئادەم كۆپ بولسا ئىش كۆپ بولىدۇ << بگەن گەپ ئۇلارنىڭ دەستۇرى سانلىدىكەن . ئادىمى يۈزگىمۇ يەتمەيدىغان مەكتەپنىڭ 8 ـ 10 نەپەر مۇدىرى بولىدىكەن . بۆلۈم . گۇرۇپپا مەسئۇللىرى سىياسى خىزمەتچىلەر . . . دېگەنلىرىنى قوشقاندا مەكتەپ خادىمىنىڭ 40 ـ 50 پىرسەنتىنى باشلىقلار تەشكىل قىلىدىكەن .

باشلىقلار كۆپىيىپ تۇرغىنى بىلەن >> ئىخچاملاش <<نى ئېغىزدىن چۈشەرمەسلىك ئۇلارغا ئورتاق ئۇدۇم ئىكەن . ئىخچاملىدۇق دەپ بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز بىر تالاي مەكتەپلەرنى زورمۇ ـ زور بىرلەشتۈرۈپ قويۇپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ئاپپارات كېلەڭسىزلىشىپ ئادەم تېخىمۇكۆپىيىپ كىتىپتۇ . >>شتات قىسقارتىمىز << دېگەن گەپ شۇنىڭدىن چىقىپتۇ . ئۇلار شتات قىسقارتىشنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جاي ـ جايلاردا >> شتات قىسقارتىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى << دەيدىغان مەخسۇس شتاتلىق ئورگاننى كۆپەيتىپتۇ .

Unregistered

ئۇلارنىڭ >> ئىسلاھات << دەپ چۈشىنىدىغان يەنە بىر ئىشى ـ ـ ـ ـ ئۆز تىلىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمايۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا باشقا تىلدا دەرس ئۆتۈش ئىكەن . . . . قىسقىسى ئۇيغۇرلارنىڭ خاس مائارىپ ئەندىزىسى يوق ئىكەن . ھازىرقى شارائىتتا ئۇلارنىڭ مائارىپىدا ئىسلاھاتنىڭ بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن . ئەگەر يېڭىلىق بار دېيىلسە ئۇ خورىتىش ۋە قورقىتىش ئىكەن!

ـ . . خورىتىش

ئىنسانىيەتنى ئۆزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىدىكى توپ مەقسەت _ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش .

بۇ ئاز ئىشلەپ كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش دىگەنلىك . لېكىن ئۇيغۇر مائارىپى بۇنىڭ ئەكسىگە قاراپ تەرەققى قىلىۋاتىپتۇ . ئۇلار >> ئىسلاھات << دېگەن بۇ ئۇقۇمنى >> كۆپ ئىشلىتىش . كۆپ باشقۇرۇش . كۆپ چارىھتىش << دەپ چۈشىنىدىكەن . ئۇلاردا ئوقۇتقۇچىلارنى قانداق قىلغاندا ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ . دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىش ئەڭ چوڭ ئىسلاھات سانىلىدىكەن . شۇڭا ھەر قانداق مەكتەپ مۇدىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھامان مۇشۇ توغۇرلۇق باش قاتۇرىدىكەن . كىم ئوقۇتقۇچىلارغا ئىش تېپىپ بېرەلىسە . يېڭىدىن يېڭى ئۈنۈمسىز ۋەزىپىلەرنى ئارتالىسا. شۇ ئىقتىدارلىق مۇدىر ھېسابلىنىدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇش كويىدا پالاقلايدىكەن . بىر مۇدىر >> ئوقۇتقۇچىلىرىنى قايسى ئۇسۇلدا ھاردۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ . ئون . ئونبەش خىل قوللانما تۈزسە. يەنە بىر مۇدىر ئۇنىڭدىن قالماسلىق ئۈچۈن . كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ . سىنىپ تەربىيچىلىرىنى جازالاش ھەققىدە 20 ـ 25 تۈرلۈك مەخسۇس قوللانما تۈزۈپ چىقىدىكەن .

Unregistered

ئۈچۈنچى بىرسى ئۈنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىمەنىلىكلەرنى ئويلاپ تاپىدىكەن . . .

ئوقۇتقۇچىلار كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي . تۆرلۈك ئەھمىيەتسىز جەدۋەل قوللانمىلارنى تولدۇرۇپ هالىدىن كېتىدىكەن . ئۇلارغا ئارام خۇدا دەرس تەييارلىغۇدەكمۇ ۋاقىت بېرىلمەيدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسلىك ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ بۇ يىلقى تۈزگەن كونسپىكنى كېلەر يىلى ئىشلىتىشكە بولمايدىكەن .

ئۇلارنىڭ >> گۇرۇپپا باشلىقى << دەپ ئاتىلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك باشلىقى كانسپىكنى قايتا ـ قايتا كۆچۈرتۈپ ئۇنىڭ ئاخىرىغا سەت خەتلەر بىلەن ئىسمىنى يېزىۋالمىسا ئۇنىمايدىكەن . ئاڭلىسام . ئۇلارنىڭ ئىشى مۇشۇ ئىشتىن ئۆسىدىكەن . شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كونى دەرسلىكتىن كونسپىكقە . پايدىلىنىش ماتېرىيالدىن دەپتەرگە دەپتەردىن دەپتەرگە . دەپتەردىن يېڭى دەپتەرگە كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتىدىكەن . . .

مەكتەپ باشلىقلىرىنىڭ دەرسلەرنى باھالاش ئۇسۇلىمۇ غەلىتە ئىكەن . ئۇلار ئالدىن بېكىتىۋالغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان باھالاش ئۆلچىمىنى مەخسۇس دەپتەر قىلىپ باستۇرۇپ . ھەممە ئوقۇتقۇچىغا بىردىن تارقىتىپ بېرىدىكەن . بارلىق ئوقۇتقۇچى مۇشۇ دەپتە بويىچە دەرس ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن . يەنە كېلىپ ئوقۇتۇشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا مۇقىم ۋاقىت بېكىتىلگەن بولۇپ ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قاراپ ۋاقىت چەكنى بۇزۇشقا ھەرگىز بولمايدىكەن ئۆزلەشسۇن ـ ئۆزلەشمىسۇن مۇشۇ ۋاقىت بويىچە قېلىپقا چۈشۈرۈپ دەرس ئۆتۈپ بەرگەن ئوقۇتقۇچى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىدىكەن . سەل چوڭقۇرلاپ كەتكىنى بېكىتىلگەن ئۆلچەمگە چۈشمەي قالىدىكەن ـ ـ ـ لاياقەتسىز باھالىنىدىكەن . شۇڭا ھەممە ئوقۇتقۇچى بىر ئادەمدەك دەرس ئۆتىدىكەن . ھېچقايسىسى قائىدىدىن چىقىپ كەتمەيدىكەن . تېخىمۇ قىزىق بولغىنى ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت سوبىكتىپ جەريان قېلىپلاشقان . مىخانىك پائالىيەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ .

يىل بويى ئارام ئالماسلىق . ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى يەنە بىر ئىسلاھات ئىكەن . مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلارنى قىشۇ ياز تەتىلگە قويۇپ بەرمەي . تۆرلۈك ئۆگىنىشلەرگە سالىدىكەن . . نىبە ـ

Unregistered

يەكشەنبلەرمۇ ئشلەۋربدىكەن . قانۇنيەتكە خلاپ بۇ ئادەت ئوقۇتقۇچى - - - ئوقۇغۇچلارنى ئاسانلا كاردىن چقربدىكەن . شۇنداق بولغانلقتىن ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچلىرى گومۇش . يىراقنى كۆرەلمەس . . . قاتارلق كېسەللەر بىلەن ئوقۇتقۇچلىرى ئۆپكە يۈرەك بۆرەك ... دېگەندەك رەئىس ئەزالار كېسلى بىلەن ئاغرىيدىكەن . مەن بۇ ئەلدىكى ئىلى . ئاقسۇ . . . . . . خوتەن قاتارلق ئەللەرنى ئارىلاپ يۈرگەنلىرمدە تالاي ئوقۇتقۇچلارنى شۇ خلدىكى كېسەلگە گرپتار بولۇپ كەتكەنلىكنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم.

ئۇلاردا ئوقۇتقۇچلارنىڭ يۈكى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن . مەكتەپ مۇدىرلىرى دەل موشۇ ئىشتىن پەخىرلىنىدىكەن . ئوقۇتقۇچلارنى قانچىكى كۆپ قاقشاتسا قانچە كۆپ ئۈنۈمسىز ئىشلارغا مەلىكە قىلالىسا بۇ ئسلاھات ھېسابلىنىدىكەن . دوكتور . يازغۇچى . تەتقىقاتچى ... دىگەندەك كەم تېپىلىدىغان ئىقتىساس ئىگىلىرى بولغان ھالەتتىمۇ تۇرۇلۇك شەكلۋازلىقلىرىغا كۆنۈشى كېرەك ئىكەن . بۇ شەكلۋازلىققا چىداپ ئىشلىگەنلەرى بولسا بەش-ئالتە يىلغا بارمايلا بەلگىلەنگەن قىلىپ بويىچە ئۆلچەملىك دەرس ئۆتۈشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ئادەتتىكى >> مۇئەللىم << . ئايلىنىدىكەن . بۇ نىمە دېگەن ئېغىر پاجىئە - ھە !

شۇڭا دەيمەن . ئۇلاردا ھەقىقى مائارىپ يوق . ئىسلاھات يوق . قەسىمەن خورىتىشلا بار ئىكەن!

## بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپلىرى :

گىرمانىيە : گىرمانىيە ئوقۇش پۇلى ۋە كىتاپ پۇلى كەچۈرۈم قىلىنغان بولۇپ بىر قىسىم شتاتلاردا يەنە وقۇتۇش بويۇملىرى ھەققىمۇ كەچۈرۈم قىلىنغان ئىكەن . ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان كىتاپلارنى ئارىيەت ئىلىش شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ ئوقۇغۇچىنىڭ قايسى خىل كىتاپنى ئىشلىتىشنى ئوقۇتقۇچى تاللاپ بىرىدىكەن . مەكتەپ كىتاپ سىتىۋالغاندىن كىيىن ئوقۇغۇچىلارغا ئارىيەت بىرىدىكەن .

رۇسىيە : رۇسىيەدە باللار ئوتتۇرا - باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى داۋالاش -

UnRegistered

ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىكەن . ئادەتتىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز خىراجىتىگە تايىنىپ ئوقۇش قۇراللىرىنى سېتىۋالغاندىن سىرت ـ باشقا ھېچقانداق ھەق تاپشۇرمايدىكەن ـ ئوقۇش كىتاپلىرىدىن ھەقسىز پايدىلىنىدىكەن . 5 ـ يىللىقتىن تۆۋەن بارلىق باللارغا ئەتتىگەنلىك ۋە چۈشلۈك تاماق ھەقسىز بىرىلىدىكەن .

فرانسىيە : فرانسىيدە باللار يەسلىسى شەھەر يېزىلارغا ئومومىيۈزلۈك تارقالغان بولۇپ باللار ئۈچ ياشتىن باشلاپلا يەسلىگە كىرىشكە ھوقوقلۇق ئىكەن . ئالتە ياشتىن باشلاپ شۇ جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىرىدىكەن . بارلىق راسخوتلارنى يەرلىك ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىكەن . تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارغاندىمۇ . يەنىلا ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايدىكەن . ئوقۇشقا ئىشلىتىدىغان كىتاپلارنى دۆلەت بىر تۇتاش تەمىنلەيدىكەن . ـ ئائىلىلەرگە پەقەت قوشۇمچە پايدىلىنىش كىتاپلىرى ۋە ئۆگىنىش بويۇملىرى ئىلىپ بەرسىلا بولىدىكەن .

كۇبا : كۇبادا مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسپىتى پۈتكۈل لاتىن ئامىرىكىسى ئەللىرى ئىچىدە ئالدىنقى . . . تۇرىدىغان بولۇپ مائارىپقا ئىشلىتىدىغان چىقىم دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومومى قىممىتىنىڭ 6.3 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن . كۇبا ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا توقۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى يولغا قويىدىكەن . ھازىر كۇبادا 12 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلغان ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە ماتىريال پۇلى كەچۈرۈم قىلىنغاندىن سىرت ـ مەكتەپ يەنە تاماق ۋە ئوقۇغۇچىلار فورمىسى بىلەن تەمىنلەيدىكەن . ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان 57 پىرسەنتنى ئىگەللەيدىكەن . بۇنىڭدىن سىرت . كۇبا يەنە ھەرىيلى لاتىن ئامىرىكىسىدىكى بىر قەدەر نامرات دۆلەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 2000 غا يېقىن ئوقۇغۇچىنى كۇبا تىببىي ئىنىستىتۇتىدا ھەقسىز ئوقۇشقا قوبۇل قىلىدىكەن .

ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىغا موھتاج

يېقىندا ژۇرنالدا مۇنداق بىر ماقالىنى كۆرۈپ قالدىم .ماقالە ئامېرىكا ياپونىيەلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارىخ ئىمتىھانىنى قانداق ئالىدىغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ ماقالە كىشىنى ھەقىقەتەن

Unregistered

ئويغا سالاتتى.

ئامېركىدىكى ئوتتۇرا ماكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان "دۇنيا تارىخى"ئىمتاھانىدا مۇنداق بىر سوئال چىقىرلىپتۇ:ئەگەر چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى ئوگداي ئۆلمىگەن بولسا ـ ياۋروپادا قانداق ئۆزگۈرۈشلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى_ سوئال ئىقتىسادى ـ سياسى ـ قەنىيەت قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن تەھلىل قىلىناتتى.

بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ سوئالغا مۇنداق قاۋاپ بېرىپتۇ:ئەينى زاماندا ئوگداي ئۆلمىگەن بولسا قورقۇنۇچلۇق چۇما كېسىلى ياۋروپاغا تارقالمىغان بولاتتى. شۇنداقلا پوپ_مۇناخلا ئاشۇ كېسەل ۋەجىدىن ئۆلمىگەن بولسا. كىشلەر پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن گۇمانلانمىغان بولاتتى. ھەتتا ئىتالىيىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى. ئىسپانىيە. جەنۇبىي ياۋروپانىڭ كۈچىيىپ. قۇدرەت تېپىشىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى. شۇنداقلا گېرمانىيە ئاۋستىرىيە ـ ھوڭگرىيە ئىمپىرىيىسىمۇ مەۋجۇد بولمىغان بولاتتى. بېرىلگەن جاۋاپلارنىڭ سياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ. كىشىنىڭ نەزەر دائىرسىنى كېڭەيتەتتى.

ياپونلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان تارىخ ئىمتىھانىدا مۇنداق بىر سوئالنى چىقىرىپتۇ:ياپونىيە جۇڭگو بىلەن ئىلگىرى ئۇرۇش قىلغان_ ناۋادا 21 ـ ئەسىردە ياپونىيە جۇڭگو بىلەن يەنە ئۇرۇشماقچى بولۇپ قالسا سىزنىڭچە ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى قايسى مەزگىلگە توغرا كېلەر ئەگەر ياپونىيە غەلبە قىلسا قانداق غەلبە قىلىدۇ مەغلۇب بولسىچۇ نىمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: " بۇ ئۇرۇش تەيۋەن جۇڭگونىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقاندىن كېيىن تەبىۋەن جۇڭگونىڭ ئىچكى دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ ـ ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرىقتە نېفت توشۇيدىغان ماي پاراخوتلىرى مالاككا بوغۇزىدىن ئايلىنىپ ئۆ توشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەننەرق زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ياپونىيەنىڭ ماي توشۇغۇچى پاراخوتلىرى تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتمەكچى بولىدىكەن. جۇڭگو قوغلىغۇچى پاراخوتلارنى چىقىرشىغا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە جۇڭگو ئارمىيىسي بىلەن كەسكىن بىر مەيدان جەڭ قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئېھتىمال ـ 2020 ـ 2015 يىل ئارلىقىغا توغرا كېلىشى مومكىن. شۇڭا ياپونىيە ھازىردىن باشلاپ جىددى ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشى لازىم".

ئادەمنى چۆچۈتۈدىغان" ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ جاۋابنى توغرا ئىشەنچىلىك ئەقىلگە مۇۋاپىق دىگىلى

بولمسمۇ بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىگە نىسبەتەن ئىنتايىن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى. ئۇلارنىڭ دەرسخانا ھەتتا ئىمتىھانلاردىمۇ بىزدە ئىنتايىن نازۇك ھېسابلانغان سىياسىي . ئۆرۈش. دېپلوماتىيە. دۆلەتنىڭ تەغدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئۈستىدە" سىياسىي خاتالىق" " سىياسىي ئازدۇرۇش" " دېپلوماتىك توچۇنۇش "دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ يۈرەكلىك پىكىر يۈرگۈزىشىدۇ. بۇ نىمە دېگەن نەزەر دائىرنى كېڭەيتىپ كەلگۈسنى كۆرستىپ بېرەلەيدىغان ئۇسۇل ـ ھە ! ۋ خىل تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەتنىڭ سىياستىي ! كەلگۈسى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بولۇشكە يېتەكلەپ ! ئۇلاردا كىچىكىدىنلا ئۆتمۈشنى يەكۈنلىيەلەيدىغان ! كېلەچىكنى نىشانلىيالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردۇ.

بۇلارنى بەزى ئىمتاھان مەزمۇنلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بىزنىڭ ئىمتاھان مەزمۇنلىرىمىزنىڭ نەئەقەدەر پۇچەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . يەنە شۇ تارىخ ئىمتاھاننى مىسالغا ئالساق . ئۇنىڭغا ساپلا دېگىدەك پالانى شەخس قاچان تۇغۇلغۇلۇپ . قاچان ئۆلگەن قايسىبىر يىلى يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنشى ـ ئاقىۋتى قانداق قايسى ۋاقىتلاردا قايسى دۆلەتلەر بىلەن قانداق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلارنى ئىمزالىغان دېگەندەك پۈتۈنلەي تونۇراقسىز قاتمال نەرسىلەر بولۇپ نۆۋەتتىكى سىياسى كەلگۈسى تەرەقىيات دئكلەتنىڭ ئىستىقبالى خەلقارالىق توقۇنۇش دېگەنلەر بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى يوق. . مېركا ياپونىيلەرنىڭكىدەك جانلىق ئىدىيۋىلىكى يۇكسەك بولغان مەزمۇنلارغا تېيۇنغان تېمىلاردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ناۋادا دۆلىتىمىزنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىغا ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى چەكلەيدۇ دېيىلسە تولىمۇ بىمەنە بوپقالىدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىز سومكىسىنى يۈدۈپ مەكتەپكە كىرگەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيسى ئېلىپ بېرىپ "دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىششىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيتى بار" دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇپ لىيخۇلەن دۇڭ سۇنرۇي خۇاڭ جىگۇاڭ قاتارلىقلاردىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.بۇ قەھرىمانلاردىن ئەلۋەتتە ئۆگىنىش كېرەك .لېكىنۋەتەنپەرۋەرلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشتەك پەقەت بىر خىللا بولمايدۇ.ئۇنداقتا ۋەتەننى سۆيۈش

Unregistered

دېگەن نىمە بۇ  دۆلەتنى ئۆزۈمنىڭ دۆلتى . مەن كەلگۈسدىكى دۆلەتنىڭ خوقايىنى دەپ بىلىش- چوڭ
ىشلارنى ئويلاش ـ بوقايىنلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىك ئۆلاردا دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى توغۇرسدا باش
قاتۇرۇش ئادىتىنى شەكۇلەدۇرۇپلا قالماستىن ـ بەلكى دۆلەتنىڭ تەرەقىياتىنى پىلانلاشقا قاتنىشالايدىغان
هوقۇقمۇ بۇلۇش كېرەك . بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ غەربىپ دۆلەتلىرىدىكى بەزى مەكتەپلەردىكىدەك هەمشە
رەئىس جۇمۇھۇر> زۇڭتۇڭ<سايلاش ئۇيۇننى ئوينىشى ئجرا قىلىشنىلا بىلىپ  ئويلىنىشنى بىلمەيدىغان ياكى
ئۆزنى پەقەتلا بىر تەقدىم قىلىغۇچى قەھرىمان سېساپلاپ قالماسلىقى كېرەك.ئەملىيەتتە بۇلارنىڭ هەممىسى
مائارىپتىكى ئولپان پاراڭلاردىن ئبارەت  ولۇپ  بۇنىڭدا مەركىزى نۇقتىئىنەزەر ئاجىزلاشتۇرۇلغان ياكى ەەپنىڭ
پوسكاللىسى ئېقېچىلغان .مەسلەن دەرسلىكىمىزدە ماركسنىڭ بۈيۈك برېتانىيە مۇزېيدىكى ئاياغ ئىزى
هەققىدە هېكايە بار. لېكىن دەرسلىكتە ئۇ هىكايىلەر پەقەت ئوقۇغۇچىلارنى غىڭ ـ پىڭ قىلماي باش چۆكۈرۈپ
ئۆمۈنۈشكىلا ئۈندەيدىغان ئۆرنەك سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ  ئۇنىڭدا ماركسنىڭ قەلبىگە پۈككەن
ئۇلۇغۋار سىياسى غايىسىگە سەل قارالغان .ناۋادا  ماركسى هۆكۈمدارلىدرغا ئىسيانكارلىق روھى بىلەن نەزىرىيە
جەهەتتە جەڭ ئېلان قىلىپ  قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى ئارقىلىق پرولېتايات ئىنقلابىنى قوزغىمىغان بولسا
ئۇنىڭ بۈيۈك برېتانىيە مۇزېيدىكى ئاياغ ئىزىنىڭ نىمە ئەهمىيتى بولسۇن  دەيسىز
يەنە شۇ تارىخ ئوقۇتۇشنى مىسالغا ئالساق  تارىخ ئۆگىنىشنىڭ زادى قانداق ئەهمىيتى  بۇنىڭ قاۋابى
كۆڭزى ئېيتقاندەك :"كەلگۈسنى بىلەي دېسەڭ تارىخ ئۆگەن"دېگەنلىك بولۇپ  ياپۇنلارنىڭ تارىخ
ئوقۇتۇشى مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلغان.يەنى ياپۇنلاردا 20 يىگىمچە تارىخئۆگۈنشنى تەشەبىس قىلىپ 0
كىشلەرنى كەلگۈسدە قانداق قىلىشقا ئىلهاملاندۇردۇ.بىراق بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز بولسا تارىخ دېگەن
تارىخ  كەلگۈسگە نىسپەتەن هېچقانداق ئەهمىيتى يوق           تارىخ ئوگۈنىشنىڭ دۆلەتنىڭ
ئىستىقبالى ۋە شەخسىنىڭ مەسئۇلىيتى بىلەن قانداق باغلىشى بارلىقىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ .ئۇنداقتا
مەسلىنىڭ تۆمۈنى زادى قەيەردە سۆزلەپ كەلسەك  مەسلىنىڭ نىگىزى يەنىلا ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىنىڭ
كەم بولغانلىقىد .نۇرغۇن كىشى سىياسى مەسىلە  شۇنداقلا دۆلەت تۇزۇلمىسى هەم دۆلەت تۇزىمى
هەققىدىكى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلسىمۇ ئەمما بۇلارنىڭ هەممىسى مەزەلدىن تەگكىلى بولمايدىغان "سەزگۈر

مەسلە"دەپ ھېساپلىغاچقا دەرسلىك كىتاپلار ھەم دەرسخانىلاردا سۆزلەشكە چەك قويۇلغان.مۇبادا ئۇنى خىلاپلىق قىلسىڭىز بەزىلەر شۇ ھامان ئۆكتە قوپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن "سىياسىغا ئەھمىيەت بەرمەي ئوقۇتۇشتا لىبىرالىزىملىق قىلىپ دىپلوماتىيە تالاش ـ تارتىشى ۋە خەلقارا ماجرانىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپكار بولغان "دەپ ئەيىپلىنىپ ھەر خىل ـ ھەر قىسىما قالپاقلار بېشىڭىزغا كىيدۈلۈشكە باشلايدۇ ـ "خاراكتېرى ئېغىر"دەپ قارىلىپ ـ نان بېرىۋاتقان خىزمىتىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ چېلىشىڭىز مۇمكىن .بۇ كۈنلەردە خىزمىتىدىن ئايرىلىپقېلىۋاتقانلار شۇنچە كۆپ تۇرسا ـ كىممۇ يەنە خىزمەت ئورنىغا چاقچاق قىلالايدۇ دەيسىز شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ دېگەن تارىخـ ئۇ كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرەلمەيدۇ "ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا"دەپ قاراش ئەۋج ئالغان.

بىر قىسىمقاسارەتلىك ـ مەردانە كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا جۇڭگونىڭ بەزى مەدىنيەت ـ مائارىپىڭنى ئەمىليەتتە ئەخلەت مائارىپتۇر دېگەن ۋە ئۆرىسىگە قاراش بويىچە ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق بۇ گەپ ئىزراقمۇ ئاشۇرۋېتىلمىگەن . ھازىر ئالى مەكتەپلەنى پۈتتۈرگەن كۆرمىڭ ئوقۇغۇچى ھەتتا ماگىستىر دوكتورلار بار ئەمما ئۇلارنى نىمە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئورۇن چىقمايدۇ ئۇلار نىمە ئۈچۈن دۇفۇ(پۇرچاق ئۇيۇنمىسى)دۇكىنى گۆش دۇكىنى ۋە چوشقا فېرمىسى ئېچىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ بۇ بىزدە ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغانلىقىدىنمۇ مەن بۇنداق بىمەنە گەپلەرگە قىلچىمۇ ئىشەنمەيمەن. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەپ يەنىلا شۇ نوۋەتتىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ مەزمۇنىڭ "ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق"بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەربىيلەپ ئاتارغا قوشقانلىقىدا.

مائارىپ سىياسىلاشقان مائارىپ بولۇپ ئوچۇق پىكىرلىك سىياسى بولمىغاندا ئېچىۋېتىلگەن يۇقىرى قاتلاملىق مائارىپتىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.ئېچىۋېتىلگەن يۇقىرى قاتلام مائارىپ كىشلەرنىڭ نەزەر دائېرىسىنى كېڭەيتىپ ئارزۇ ـ رمانلىرىنى قاناتلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ـ شۇنداقلا ھەققى ئىختىساسلىقلارنى بولۇپمۇ دۆلەت تايانچىلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتى. ناۋادا بىز ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان . ۋەتەننىڭ خوقايىنلىرى بولىدىغان ۋەتەننىڭ كەلەۋسىنى يارتالايدىغان قابىليەتلىك كىشلەردىن بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز ئۇنداقتا چوقۇم مائارىپىمىزدىكى "سىياسى سەزگۈرلۈك كېسلى"نى تۈپتىن

داۋالاپ ساقايتىپ . مائارىپتىكى بارلىق "سىياسى چەكلەنەەن رايۇنلار"دىكى چەكلىمىلىكلەرنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ ئۇلارنى دۆلەتنىڭ تۈزۈلمىسى تۈزۈملىرى ھەربىي ئىشلار دىپلوماتىيە قاتارلىق ئۆزلىرى قىزىقىدىغان تېمىلار ئۈستىدە ئەركىن ـ " پىكىرلىشىپ سۆزلىشىگە يول قويۇشىمىز كېرەك. ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى تايانچىلىرى بىپايان دالىلاردا ئەركىن ـ ئازادە ئۆسۈپ يېتىلسۇنكى ھەرگىزمۇ تەشتەك ياكى چىتلاق ـ قورغانلار ئىچىگە بەنت بوپقالمىسۇن!

هازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى

جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ساپاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، بىر قىسىم مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ >> سەۋىيىسى<< مۇ باغانسىرى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ ، مەسىلەن:

.(1پىكىر قىلىش جەھەتتە : ئوقۇغۇچىلاردا يۈرەكلىك پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ئۆسۈپ ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىمالال ھەر قايسى تەرەپلەردىن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ >> پىكىرلىشەلەيدۇ. <<

.(2قابىلىيەت جەھەتتە : بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى دەرسلىك تۈزگۈچى مۇتەخەسسلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسگە يەتكەن بولۇپ ، ئىمتىھان سوئاللىنىڭ جاۋاپ يېزىش ئورنىغا >> قالدۇرۇلۇپ << دەپلا جاۋاپنى ئىخچاملاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

.(3ئىقتىساد جەھەتتە : تاپشۇرۇق بېرىدىغان بولسىڭىز ، ئۇلاردا ئىقتىسادچىللىق قارىشى يېتىلگەن بولۇپ ، ھەر ۋاقىت دەپتەرنىڭ ۋارىقىنى >> بىھۇدە ئىسراپ <<قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىدۇ.

.(4ئۆگىنىش جەھەتتە : هازىرقى ئۇچۇر، رىقابەت دەۋرىگە قاتتىق ماسلاشقان بولۇپ ، بىر مىنۇت ، بىر سېكۇنت ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلماي ، يىققان پۇللىرىغا تورخانىغا كىرىپ، نۇرغۇن >> بىلىملەر <<لەرگە ئىگە بولىدۇ.

.(5تازلىق جەھەتتە : مەيلى كوللىكتىپ ياكى شەخسىي تازلىق بولسۇن ، مەيلى>> پاكىزلىك <<

UnRegistered

>>گۈزەللىك << بولسۇن ، بىر ـ بىرىدىن قالماي ئالدىدا ماڭدۇ .

**مجىت ناسىر**

## سەبىيلەرنى سۆيگەنلىك ـ كەلگۈسنى سۆيگەنلىك ( دىگەن كىتابدىن ئېلىندى

ۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 120 يىللىقى خاتىرىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئەنجۇمەندە سۆزلەنگەن)

بۈگۈنكىدەك خەيرلىك كۈنلەردە 2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۈمە ) ھەممەيلەن بىرلىكتە قەدىمي يۇرت ئاتۇشتىكى ئېكساق ھۆسەينىيە مەكتىپىدە ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 120 يىللىقنى خاتىرلەپ ،سەممىي كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەپ ناھايتى ياخشى تىلەكلەر تىلەنگەن سورۇن كەيپىياتى ئىچىدە پائالىيتىمىزنىباشلاۋاتىمىز .بۇ خاتىرە پائالىيتىگە قادەم تەشرىپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر ئۇستازلار ، ھۆسەينىيە روھىدىن ئىلھام ئېلىپ ، مۇسابايوفلار ئىزىدىن مېڭىپ ، ئاتۇشنىڭ مائارىپى ،ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلەپ ھەسسە قوشۇۋاتقان سېخىي بايلار ،قەدىمىي ئاتۇشنىڭ شانلىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ،تارىخنىڭ ئۆزۈلمەس ئېقىنى بىلەن بىرگە ئېقىپ ئۇيغۇر پىسخىكىسىنىڭ ئۆزگىچە ئاتۇش تىپىنى ـ پا قىلىپ چىققان قەدىرلىك ئاتۇش خەلقى ،يۇرت چوڭلىرى

UnRegistered

،يۇرت جامائەتلىرى بىلەن بىرگە مۇشۇ قۇتلۇق كۈننى
تەبرىكلەيمەن .بۇگۈن بىزگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئەھمىيەتلىك بىر
كۈن بولدى . مەن ئۇزاق ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى باغلىغان ،پەن
ـ مائارىپنىڭ شانلىق تارىخىي ئىزلىرىنى . لدۇرغان ،مەرىپەت
مەشئىلى چاقنىغان بۇ ئەسىر مۇنبىرىدە ئەجدادلارنىڭ
ئىسلاھاتچىل مەردانە روھىدىن ئۇمىدۋار ئەۋلادلارغا سەممىي
ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

**1**

**19** ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ، سەركەردە مۇسابايوف
قاتارلىق ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ،روسىيە ، ياۋروپا
،ئەرەب ئەللىرى ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىگىچە سودا
تارماقلىرى ۋە سارايلارنى تەسىس قىلىپ ، كەڭ تىجارەت تورىنى
شەكىللەندۈرۈپ ،ئاجايىپ مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن
**1885**ـ يىلى مەملىكەت بويىچە كۆرەدە قۇرۇلغان تۇنجى تېرە
زاۋۇتى ئاساسىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىپ يېڭى ئۇسكۈنىلەر بىلەن
**1909**ـ يىلى ئىشقا چۈشكەن زامانىۋى ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ
كاپىتالى ، **1913**ـ يىلىغا كەلگەندە ،جۇڭگو ئۆزى قۇرغان **11**تېرە
، كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ **4.6** ملىيون مەبلىغىدىن **1**ملىيونلا كەم
تۇرغانىكەن ، مۇسابايوفلار گۈللەنگەن دەۋردە ئوبوروت كاپىتالى
**1**ملىيون سوم تىللادىنى ئېشىپ ،ئوتتورا ئاسىيا بويىچە ئاتاقلىق
ملىيونېر بولۇپ تونۇلغان .ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق ئېكسپوت

قىلغان ماللىرى 80 خىلدىن ، بازارلاردا ساتقان سانائەت ماللىرى 100خىلدىن ئاشقان .

1895 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان >> مۇسابايوف بۇرادەرلەر شىركىتى >> شىنجاڭنىڭ سودا ـ سانائەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئىشلەپچىقىرىش ،كارخانا ، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ،سودا ـ سانائەت ،مائارىپ ـ تېخنىك تەربىيىلەش بىرلەشتۈرۈلگەن ھەم تۈزۈملەشكەن ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللانغان . شىنجاڭ بويىچە باھانى تەڭشەپ نىسپىي تۇراقلاندۇرۇپ تۇرغان ، ھەتتا >> كىشىلەرنىڭ بىر توخۇم ، ئىشتانباغ قاتارلىق ماللىرىنى سېتىۋېلىش لازىم ، ئۇلارنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالمىسۇن >> دەپ كەڭ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى بالىق مۇلازىمەت ھالقىلىرىدا گەۋدىلەندۈرگەن . زاۋۇت چىقىندىلىرىدىن پايدىلىنىپ 10 خىل مال ئىشلەپ ،زاۋۇت تاۋارلىرى بىلەن تەڭ چەت ئەلگە چىقارغان .

تېخنىكا ـ سۈپەت باشقۇرۇش قاتارلىق يەتتە باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇپ ، داۋاملىق سۈپەتنى تەكشۈرۈپ ، ھەتتا ھەپتىدە بىر نۆۋەت بازار ھەۋالىنى تەكشۈرۈپ ، سۈپەت ،بازار ئۇچۇرلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

كارخانا تىجارەت ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەتتا ئەلدىكى سارايلاردىمۇ خېرىدارلارنى بىرەرۋاخ ھەقسىز تاماق ، بەزىدە ياتاق بىلەن تەمىنلىگەن .ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كاسىپلار بىلەن ئىشچىلار بىرلىكتە بېكىتكەن .

Unregistered

سىتىلغان مال پايدىسىنىڭ 2~5 پىرسەنتىنى مائاش ئىش ھەققىگە 40 دىن 1 قىسمىنى ئۆشرە ـ زاكاتقا ئاجراتقان . ھېيت ـ ئايەم ،بايرام كۈنلىرىدە ئۆلارنىڭ ھەم نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىپ ، تەنتەربىيە ،مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ ، ماددىي ، مەنىۋى تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان ئازادە ،ئىناق مۇھىت يارىتىلغان . مانا بۇنداق ئەمەلىي ئىشلار ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

2

بۇنىڭدىن 120 يىل مۇقەددەم يىراقنى كۆرەر ،مەرىپەتپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر مۇسابايوفلارنىڭ مۇبارەك قولى ، سېخىي كۆڭلى بىلەن شۇنداقلا ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئاتۇش خەلقىنىڭ جامائەت مۇتەەسسىپلىككە قارشى تىللاردا داستان بولغۇدەك كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بىر مەزگىللىك سىستېمىلىق ،پۇختا ماددىي ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەندىن كېيىن قەدىمىي يۇرت ئېكساقتا يېڭىچە پەننىي مائارىپنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانى قىلغان ،مىللەتنى يېڭىچە تەپەككۇر بىلەن يېتەكلەشنى باش مەقسەت قىلغان تۇنجى يېڭى مەكتەپ << ھۈسەينىيە مەكتىپى>> نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى سىگنالى مۇشۇ تەۋرەك زېمىندىن چېلىنغانىكەن .شۇنىڭدىن بېرى << رتىش ، نادانلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارغا يۈزلىنىپ ،خۇددى چۆل گىياھلىرىغا يامغۇر يېيى ياغقاندەك ياشناپ

Unregistered

،يېڭىچە تەلىم  ـ تەربىيە ،يېڭىچە ئىدىيە ،كۆز قاراش ، يېڭىچە
تەپەككۇر ، يېڭىچە تۇرمۇش مەنزىرىسى شۇنداقلا ئەينى زامانغا
ماس تەرەقىيات يولى ئېچىلىپ ، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر
جەمىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە بۇرۇلۇش ياسىشىغا تۈرتكە
بولغانىكەن .ئۇلار مائارىپىنىڭ بۇ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئۈلگە
قىلىپ ئاچقان ھەر قايسى جايلاردىكى پەننىي مەكتەپلەردە ئەسىر
داۋامىدا تەربىيىلىنىپ چىققان نۇرغۇنلىغان ئىستېداتلىق بىلىم
ئىگىلىرى ۋە ئۇستازلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە
رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مائارىپ تەرەققىياتىغا
قوشقان تۆھپىلىرىگە خەلقىمىز بۈگۈن ناھايىتى يۇقىرى باھا
بەرمەكتە . ئەينى چاغدىكى خەلقىمىزنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان
تەشنالىقى ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان قارشىلىقىغا
قارىتا شۇ دەۋردە ئوقۇپ يېتىشكەن بىر ئوت يۈرەك زىيالىي
مائارىپچى ئۆزىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتە بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەپ
<<ئەگەر مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلسا ئۇلارنىڭ ئېغىلىدا
ئىشلەشكە رازى ئىدىم >> دېگەنىكەن . خەلقىمىزنىڭ
ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن يېڭى پەن  ـ مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا
قويۇشقا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدىغان بۇنىڭدەك
ئوبرازلىق سۆزلەردىن يەنە بىرنى تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن .بۇنى
ئاڭلىغان ئەۋلادلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانىكەن
قانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ۋۇجۇدى مۇھەببەتتىن تىترىمەي
قالمايدۇ . مۇسابايوفلار جەمەتىنىڭ ئەينى دەۋرلەردە رايونىمىزنىڭ

ئىچكى ـ تاشقى سودا ،يېزا ئىگىلىكى ، سانائەت ، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئىزدىنىشلىرى ، تىرىشچانلىقلىرى ۋە كۈرەشلىرى خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ ئەسلىشىگە خاتىرلىشىگە ئەرزىيدۇ.

تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ تەرەققىيات ئامىللىرىنى ۋە تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئانچە ئاڭقىرالماي يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئەينى دەۋرگە تەۋە بىر بەتلىك ماتېرىيالدىن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولغانىدىم . ئۈچ يىل بۇرۇن مۇساھاجىنىڭ مۇنۇ تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەسىيىتىنى كۆرۈپ ئەينى چاغدىكى ھەم مەلۇم دەرىجىدە كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرى ۋە تەرەققىياتىمىزغا تۈرتكە بولغان ئۆزگىچە ئىدىيە ،يېڭىچە كۆز قاراشلارنىڭ مەنبەسىنى چۈشەنگەندەك ھاياجان ئىلكىدە ئويلانىدىم .

ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى : بىرىنچى ،ئائىلە ئىقتىسادىنى كوللېكتىپ راۋاجلاندۇرۇش، بۇنىڭغا ھۆسەباي مەسئۇل بولۇش : ئىككىنچى ،سودىدا ئادىل ، توغرا بولۇپ ، كىشىنىڭ ھەققىنى ئارلاشتۇرماسلىق ،خىيانەت قىلماسلىق ئەللەر بىلەن سودا قىلىش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش ؛ ئۈچىنچى ، >>پۇلنىڭ خوجايىنى بولماي ،ئىلىمنىڭ خوجايىنى بولۇڭلار >>( ئابدۇرۇسۇلبايىنىڭ ) دېگەندەك ۋەسىيەتلەرگە ئەمەل قىلىش ، ئىگىلىكىنىڭ 40دىن 1قىسمىنى ئۆشرە ـ قىلىپ ئاجىزلارغا بېرىش ، خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ، خەلقنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىدىغان خالىس ساۋابلىق ئىشلاردىن ـ شاپاخانا قۇرۇش ، مەكتەپ سېلىش ،دارىلئېتام

Unregistered

سىلىش ، مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىشلاردۇر . مۇسابايوفلار جەمەتىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش سودا سەنئىتى جەھەتتىن ھېسسىيات بويىچە قارىغاندا بۇ ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇ زامانلاردىلا ئىگىلىكنى گۇرۇھلىشىپ باشقۇرۇش ،رايونىمىزنىڭ سىرتقى سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خەلقئارا سودىنىڭ بىر قىسىم پرىنسىپ ئالاھىدىلىكلىرى ۋەسىيەت خاراكتېرلىك تەشەببۇس بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى .ئىگىلىك ،مائارىپ ۋە سودا ئىشلىرىمىزنىڭ بەزى ئەمەلىيەتلىرى شۇ دەۋرلەرگە نىسبەتەن تەرەققىيات ھالىتىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇنىڭدىكى بىر تەشەببۇسنى ئالدىغان بولساق ،بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتلار ئۆتۈپ ،بوران چاپقۇنلاردىن تەجرىبىلەر توپلىنىپ ، ھالا بۈگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ خېلى كۆپ مىللىي كارخانىلار مەيدانغا كېلىپ ئاساسىي جەھەتتىن تەرەققىيات باشقۇچىغا كىردى . مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن سېتىشقىچە ، سېتىلىشتىن بازار ئۆتكەللىرىنى ئىگىلەش ۋە داڭلىق ماركا يارىتىشقىچە بولغان ھەر بىر مۇھىم ھالقىلارغىچە سىستېمىلىق رىقابەت ئەندىزىسىنى بەرپا قىلماقتا . يېقىندىن بۇيان رايونىمىزدىكى بىر تۈركۈم پاراستلىك ياش كارخانىچىلىرىمىز دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۆلگىلەرنى ئۈرنەك قىلىپ ھەم مۇسابايوفلارنىڭ روھىي تەشەببۇسىدىن ئىلھام ئالغاندەك ئىگىلىك باشقۇرۇش تىجارەتتە

Unregistered

گورۇھلىششىنىڭ ئۇلىنى ھازىرلىدى . نۇرتاي ھاجىملارنىڭ <<
غەربىي نۇر شىركىتى >> قۇرۇلۇپ ،لىدىر مەسئۇللۇقىدىكى
گۇرۇھ ) جىتۇەن ( ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇش شەكلىنىڭ يولغا
قويۇلغانلىقىنى مىسال ئالساق ،نۆۋەتتىكى زامانىۋى باشقۇرۇش
بىلەن قەدىمىي ئۇسۇلنىڭ بىرلەشكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە كېرەك .
ئەۋرۇھلىشىش ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ، باراۋەر ئالغا سىلجىشىدا
تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . ئەينى دەۋردىكى مۇسابايوفلار
جەمەتىنىڭ تىجارەت ئۇسۇلىدىكى ئىگىلىكنى كوللېكتىپ
>> ۇرۇش ، بىر ئادەم مەسئۇل بولۇش دېگەندەك ـ
گۇرۇھلىششىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت ئىدى . مەن بۇ
ھەقتە خەلقئارا ،دۆلەت ئىچى ، شۇنداقلا رايونىمىزدىكى سودا ـ
سانائەت ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتى جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارنى
كۆردۇم ھەمدە2003 ـيىلى 1 ـئايدا رايونىمىز بويىچە نۇرتا
ھاجىم ،سادىر ئابلىز قاتارلىق 20نەچچە نەپەر ئىگىلىك
تىكلىگۈچى سەرخىل ياشلار بىلەن بىر كىچىكلىك زىياپەت سۆھبىتىدە
بولۇپ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر ھەققىدە سۆزلەشكەنىدۇق.
3
ئۆزگىچە ساپ ھاۋاسى ۋە جۇغراپىيىلىك ئىقلىمى بىلەن ئۆز
قوينىغا نۇرغۇن نازۇ نېمەتلەرنى ،مۇھىمى روھىيەت مەنىۋي
بايلىقلىرىنى ئاپىرىدە قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاتۇش دىيارى كىشىگە
تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيغۇ بىلەن قۇچاق ئاچىدۇ . شۇنداقلا مۇشۇ
سېخىي يۇرت قوينىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ،ئاتۇش تاغلىرىنىڭ

Unregistered

. هاۋاسدىن قانغۇچە نەچەس ئىلىۋاتقان سودىغا ماھىر ،كۆپكە قادىر ئاتۇش خەلقى ئۆزىنىڭ چىۋەرلىكى ، ئەقىللىقلىقى ، يۈكسەك ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ، ئۇدۇم خاسلىقىنى ساقلاشقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي كىسەللىك ئاپەتلىرىگە ئۇنۇملۈك تاقابىل تۇرۇپ ، ئۆزىگە خاس ئاتۇش روھىنى شۇنداقلا ئۆزگىچە ئاتۇش مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ چىقتى . بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى : پۈتكۈل دۇنيادا جۈملىدىن مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭ رويوندا بەلگىلىك دەرىجىدە تەھدىت شەكىللەندۈۋاتقان ئىس ـ تۈتەكسىز ئاپەت ـ ئەيدىز كىسەللىكى مۇشۇ بىغۇبار ئاتۇش دىيارىغا قەدەم باسالمىدى . بۇ رايونىمىزدا ئۈلگە بولگۈدەك مۆجىزە خاراكتېرلىك ئالاھىدە ياخشى ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ . مەن 2001 ـ يىلى بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئاتۇش خەلقىگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئېيتقانىدىم . بۇنى مول مەزمۇنلۇق ھايات

ئەنئەنىۋى ئېسىل ئەخلاق ،ئاممىۋى تازىلىق ،ئومۇمىي ساپا ،ئۇنىۋېرسال سەۋىيە "ـ قائىدە ،شەرم ـ ھايا ، ياشلار ، چوڭلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى ،كادىر ـ ئاممىنىڭ ماسلاشقانلىقى قاتارلىق سىستېمىلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ .دۇنيادا نۇرغۇن ئەللەر تۈر تۇرغۇزۇپ ،نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ،چوقۇم ئاتۇش خەلقىنىڭ ئېسىل ئەخلاق تىپىدىكى ئاشۇ خىل ئەخلاق

قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش تولىمۇ
ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن بولسا كېرەك. مانا بۇ ئاتۇش خەلقىنىڭ
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئەخلاقىي ئۈتۈقلىرىنىڭ ئەمەلىي
مىسالى.
يېقىندا مەن قەدىمىي ئاتۇش خەلق قوشاقلىرىدىن:
ئىلغا چىقىپ كەتتى
يول بىلمەيدىغان باللا.
سودىسىنى ئىلالامۇ ،
چالا سودىگەر باللا.
دېگەن قوشاقنى ئوقۇپ خۇددى نادىر ئەسەرنى ئوقۇغاندەك تەسىرا
ئىگە بولدۇم ھەمدە بۇ قوشاقنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈسى
ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم . دەرۋەقە قوشاقتا ئاتۇش خەلقىنىڭ
قەدىمىي روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، سودا ۋە ئىزدىنىش
روھى بىلەن يۇرتىنى تاشلاپ يىراق يۇرتلارغا چىقىپ كېتىدىغان
ئاتۇشلۇقلارنىڭ تەۋەككۈلانە جاسارىتى ،پەرزەنت تەربىيلەش
ئۇسۇلى ،تىجارەت ئېڭى ، ئىقتىساد چۈشەنچىسى ، ئىگىلىك
تىكلەش يولىدىكى باتۇرلىقى ، سىرتقا يۈزلىنىشتىكى دادىللىقى
مۇناسىۋەت ئىلمى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك پىسخىك قاتلاملىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
مەن بۇنداق مەزمۇندىكى قوشاقنى پەقەت شۇ يۇرت خەلقىدىنلا
ئاڭلىدىم ،بۇ يەردە ئەسىر ئىلگىرىلا پەيدا بولغان ئۆز
زامانىسىدىكى ئىلغار ئىدىيە ،كۆز قاراشلارنىڭ مەنبەسى بىر

تەرەپتىن خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ . قەلەمكەشلەر مۇشۇنداق خەلق دۇردانىلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتسە ئۇنۇمى يەنىمۇ يۇقىرى بولاتتى ،دەپ ئويلىدىم . مانا مۇشۇنداق مەنىۋىي بايلىقلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئاتۇش روھى دىيارىمىزنىڭ پەقەت يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىرلىك مۇساپىسىنى ئەسلىسەك مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەردىن ، ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن ،نۇرلۇق ئىزلاردىن ، ئاقارتىش يوللىرىدىن ، مەدەنىيەت ئۇنۇملىرىدىن ناھايىتى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ . رايونىمىزدا تارىختىكى خېلى كۆپ خاسىيەتلىك ئىشلار مۇشۇ ئاتۇش دىيارىدىن باشلانغان ھەمدە مۇشۇ خاسىيەتلىك يۇرت بىلەن بىلتىزداش ئىكەن .قوشاقتا ئېيتىلغان تەۋەككۇلچىلىك روھى قەدىمىي ئاتۇش مەدەنىيىتى تىپى بىلەن تېخىمۇ يىراق تارىخلارغا سوزۇلغان بولۇپ ، ئۇ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن چوڭقۇر يىلتىزداشتۇر .ئۇنىڭ شۇنداق ئىلغار ئىدىيۋى كۆز ـ ،ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق ۋە پەن ـ مائارىپىنىڭ تەسىرىدىن نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ،تەرەققىيات ، بىلىم ـ بازار ئىگىلىكىگە ئالدىن تەييارلىقتا كېتىۋاتقان ئاتۇش خەلقىنىڭ ئۈزۈندىن جۇغلانغان يوشۇرۇن پوتېنسىئال ئىقتىدارى ئىسلاھات دەۋرىدىكى يېڭى پۇرسەت ، رىقابەتلەر دۇنياسىدا ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى . بۇ ئەمەلىيەتلەر بىزنى يەنىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ . رايونىمىزدا قەد كۆتۈرگەن بىر قىسىم ئېگىز بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ، ەلقئارا سودا ـ تىجارەت ئورۇنلىرىدا ،كارخانا ،ئۆي ـ مۈلۈك ، مائارىپ ـ تەتقىقات ساھەلىرىدە ، دېھقانچىلىق ،باقمىچىلىق

Unregistered

مەيدانلىرىدا كۆپرەك ئاتوش خەلقىنىڭ جاراڭلىق ، تەمكىن ئاۋازى ، سالماق بېسىۋاتقان قەدىمىنى ،ھوشيار - چېۋەر تۇرقىنى ، ئۇنۇملۇك پائالىيەتلىرىنى ، مېھرى ـ شەپقەت ، خەير ـ ساخاۋەت ، ئوي - تەپەككۇر يېغىپ تۇرىدىغان يېقىملىق ئوبرازىنى ، غۇرۇر ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقان روھىي ھالىتىنى كۆرۈلەيمىز . بۇ روھ دەۋر بىلەن تەڭ يەنە ئۇلغايسۇن.

بۇ يۇرتنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى ، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرى ھەققىدە ھەقلىق ھالدا ئاز بولمىغان ماقالە ـ كىتابلار يېزىلىپ ،مەدھىيە داستانلىرى ئوقۇلدى . قارىغاندا ئۇ تارىخىي ئىشلار ۋە يېڭى دەۋرىدىكى يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە داۋاملىق چوڭقۇر ئىزدىنىپ يەنىمۇ كەڭرەك يورۇتۇپ بېرىشكە ،ئجابىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ .مەن ھەر نۆۋەت بۇ يەرگەكەلگەن ۋاقتىمدا ئىقتىسادىي ،ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي يېڭىلىقلاردىن باشقا بەزى ئجابىي شەيئىلەر ، قىممەتلىك تەجرىبىلەر ، يېڭى يۈكسىلىشلەرنى كۆرۈپ خۇرسەن بولىمەن . بۈگۈنكى پائالىيەتمۇ ئۆتمۈشتىكى شانلىق ئىزلار ۋە تەجرىبىلەرنى ئەسلەپ ،ھازىرقىنى قەدىرلەپ ، كەلگۈسىگە ئىلمىي پوزىتسىيەدە يۈزلىنىشىمىزگە يەنە بىر ئاساس بولۇپ قالغۇسى .بۇ دىياردىكى ئەسىرلىك نەسىھەتلەر ،مەۋجۇتلۇق قوشىقى ، كىسەلگە قارشى تۇرۇش ئىگى ۋە تارىخىي شانلىق ئىزلارنى << يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېممەت >> نىڭ تەركىبىي قىسمى ۋە داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.

Unregistered

خەلقىمىز ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈكلەرنى ئۇنىيۇمايدىغان ، ئۆز ئوغلانلىرى ۋە قەھرىمانلىرىغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدىغان ئاجايىپ ئېسىل خىسلەتلەرنى ۋۇجۇدىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان پەرۋىشكار ۋە مەرىپەتچىل خەلقتۇر . ۋاقىت توغرا ـ خاتانى ،ياخشى ـ ياماننى ئايرىيدىغان ھەققانىيەتچى . ئۆز دەۋرىدە مائارىپ ، تەرەققىيات ،يېڭىلىق ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمىغان باشلامچىلاردىن مۇساھاجىم ، ھۈسەنباي ۋە باۋۇدۇنباي ئاكا ـ ئۇكىلار ، ئابدۇقادىر داموللام ، تاشاخۇنۇم ) مەرھۇم رەھبىرىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دادىسى ( قاتارلىق سەرخىللار ئاتۇش دىيارىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرى ئىدى . يەنە شۇلارغا ئىز بېسىپ ماڭغان مائارىپ پەرۋانلىرىدىن كېرىم ئاخۇن ئەپەندىم ، قاسىمجان قەمبىرى ، مەمتىلى ئەپەندىم ،ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىقلارنى خەلقىمىز شېغىنىش بىلەن ياد ئېتىپ كەلمەكتە . دەۋر ۋە ئەۋلادلار ئۇلارنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمەكتە ھەم قەدىرلىمەكتە . روھىڭلار ئەمىن تاپقاي ،تىنچ يېتىڭلار ،توھپىكار پاسبانلار ! ئەمدىكى گەپ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى ئەۋلادلار ئاشۇ ئۇلۇغ ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىپ قويۇپلا بولدى قىلىساق بولمايدۇ ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

ئەينى يىللاردىكى جاھالەت ئىزلىرى ، نادان قارا كۈچلەر سەلبىي ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدە ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

يۇقىرقىلار ئاتۇش ھەققىدە بىلگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمى . چۈنكى بۇ ھەقتە بىلگەنسىرى بىلمىگەنلىرىمنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن ،يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ ، كۆپرەك تەتقىق قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن .بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ، ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر ئاساسىدا ،ئىسلاھات دەۋرىدە ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ    << ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش >> مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ،ئۈچ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر گەۋدىلىشىدە ،ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ماس قەدەمدە راۋاج تاپىدىغان ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا ،ئومۇمىي تەرەققىيات جۇملىدىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە پۇقراۋى ئىگىلىكتىمۇ يەنىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن!

>>)قىزىلسۇ گېزىتى|نىڭ 2006 ـ يىلى 1 ـ ئايىنىڭ 5 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان(

مائارىپ مۇنداق دەيدۇ>>:كىمگە ئىيتاي دەردىمنى <<

ئەبجەش خاتىرىلەر (1 ـ قىسمى(

سۆز بىشى:

UnRegistered

مەن ئۇقۇتقۇچىلىق كەسپىگە قەدەم قويغىلى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ قالدى چوڭ شەھەرلەردىن يىراقتىكى بۇ

يېزىدا

ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بىر پارچىسنى سۆرەپ ماڭغان بۇ ئۈچ يىلدا كۆرگەن ـھىس قىلغانلىرىمنى ئەسلىسەم

بەزىدە بۇ

ئۈچ يىل گويا 300يىلدەك بىلىنىپ كىتىدۇ.....

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان مائارىپ دۇنيا مىقياسىدا يىڭى_يىڭى

ئىسلاھاتلار

ئۈچىقىدا تاۋلىنىپ دەۋر تەلقىنلىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتنى يۇرۇقلۇققا يىتەكلەش ۋەزىپىسىنى

ئورۇنداش

ئۈچۈن تاكامۇللىششىۋاتقان بۈگۈنلەردە ئۇيغۇر مائارىپى مەركىزى شەھەرلىرىمىزبىلەن يىراق سەھرالىرىمىزدا

ئوخشاش

تەقدىردىمۇ ياكى يەرلىك ئەربابلارنىڭ يەرلىك سىياسەت قازانلىرىدا پۇچۇلىنىۋاتامدۇ

بۇگۇندىن باشلاپ يېزىلىشقا باشلىغان چەت_يېزىلاردىكى مائارىپ ھەققىدىكى بۇ ئەبجەش خاتىرىلەر

مۇنبىرىمىزدىكى

ئۇيغۇر مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دۇستلارنىڭ پىكىر ئورتاقلىقىنىڭ باشلىنىشى بولوپ قالغۇسى!

.1مۇئاشنى تولوق ئالغان كۈنى...

كۈنلەرنىڭ بىركۈنى ئاي ئاخىرىمۇ كىلىپ قالدى...

ئىشخانىمىزغا كەندىن _كەم كىرىدىغان مەكتەپ مالىيە خادىمى كىرىپ قىلۇۋىدى ھەممەيلەن

كىلىشۋالغاندەكلا

تەڭلا ئاۋازدا:

UnRegistered

_مۇئاش تارقتلىپتىمۇ _دەپ سوراشتۇق.

_ھە سلەر تىخى ئالمىدىڭلارما 24 ـ چسلادىلا كارتىغا كىرگۈزۈپ بولدىغۇ

نىمشقىدۇ>> ئۇچباش<< دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ تۇكباش كىشگە ھىچكىم دەماللىققا ئىشەنمەيتى ئەمما ئۇ ھەممىزدىن ئەركىن بولغاچقا ناھىيەگە كۇندە قاتراپ تۇراتتى شۇڭا كۆپچىلىك ئىشەنمىسىمۇ ئۇنىڭدىن سوراپ تۇراتتى

بەزى ئىشلارنى.

_ھە راست 300كوي تۇتۇپتۇ دەيدىغۇ_ئاڭلسام.

بۇنداق سوراشىۇ بىر رېفلكىس ئىدى .ئەمەلىيەتتە بۇسۇئالنى سورىغان ئورۇق ئالگىبرا چىمۇ ھىچكىمدىن بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىمىغان ئىدى.لىكن ئەمەلىيەت شۇكى ھەرئايدا قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر تەييار بولاتتىدە مۇئاشنىڭ

كەلگەنلىگى خەۋەرلىرىدىن بۇرۇن قاچىلىك تۇتۇلغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرلەر يىتىپ كىلەتتى بەزىلەر خۇشاللىق

كەيپىياتىنى يۇشۇرالماي ئىشخانىمۇ_ئىشخانا كىردى:

_ھەي ئاڭلىدىڭلارمۇ بۇ قىتىم ئارانلا يۈز كوي تۇتۇپتۇ ـ دەتتى.

بىرقىتىم مۇئاشنىڭ تولوق كىلىدىغانلىقى پاراڭ بولغاندا بىر خىزمەتدىشىم بىزنى كۈلدۈرۈپ:

__قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى بۇ پەقەت بولماپتۇ مەن ھازىرلا يىزىلىق ماڭارىپ ئىشخانىسغا بىرىپ بۇ نىمە قىلغىنىڭلار

بۇنچىلىك جىق پۇلنى قانداق خەجلەيمەن : بۇ ئىشىڭلارنى يوقىرىنىڭ بىلىپ قالسا قانداق قىلىشىسلەر ھۆكىمەتنىڭ پۇلنى مۇشۇنداق تولوقى بىلەن تارقىتىپ بىزنى بەدخەج قىلىپ قويماقچىمۇ

دەيمەن دەپ چاقچاق قىلغان ئىدى.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقىمىكىن يىزىلاردا كىشىلەر>>: ئەپەندىمدىن پۇل ئالماق پىتىر ناندىن قىل ئالماق<<دىگەن

UnRegistered

ماقاللارنى ئجاد قلىشقان ئدى.

ئايالىم ئككىمىز توي قلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي تەتىل تۆگىدى بىرىپ_كىلىش قولايسىز بولغاچقا چوڭ ئۆيدىن بالدۇرلا ئايرىلىپ مەكتىپۇمىزگە يىقىن جايدىن (باشقا يىزىدا) ئىجارىگە ئۆي ئىلىپ تۇردۇق.

خىزمەتتىن چارچاپ ئۆيگە قايتىپ تاماقنى ئارانلا ئتىپ يەپ بولمىسا ئىخلاس فىرىما بىلەن ئەتكەن چاي ئىچىپ بولوپ بىر ئاز تىلۋىزۇر كۆرگەچ نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىمىزدە ئاخىرىدا خا مچوت پىلانلىرىمىزنى لايىھلەپ بولغاندىن كيىن بىردىنلا جىمىپ قالىمىزدە ئارقىدىنلا مۇنداق دەپ قويىمىز:

__خۇدايىم بۇيرىسا مائاشنى تولوق ئالغاندا!....

مائاشمۇ كىلەتتىيۇ شۇكۈندىن باشلاپ ھىلىقى تىزىستىكى پىلانلار>> ۋاي_ۋۆي نىمە ئەھمىيىتى <<! باھانىسى بىلەن بىر _بىرلەپ قىسقارتىلىدۇ......

بىر سائەتنىڭ ئالدىدا مۇنبەردە تىما تەھرىر لەۋاتسام تىلىفۇن جىرىڭلاۋەردى ئالسام پۇچتا_تىگراف ئىدارىسىدىكى ھىلىقى بۇرنىنىڭ تۆشۆكى ئاسمانغا قارايدىغان خەنزۇ قىز ئىكەن:

__ئەيىيا سەن پۇلنى ۋاقتىدا تاپشۇرغىن دەيدۇ دىمىسىمۇ ئالدىنقى ئاينىڭ تور ھەققىمۇ تۆلەنمىگەن ئىدى.

!خۇدايىم بۇيرىسا مۇئاشنى تولۇق ئالغان كۈنى بىر يىللىق تورغا چىقىش ھەققىنى بىراقلا تاپشۇرىۋەتىمىسەم!

.2ئۆكام دەرس تەييارلىقىمنى يىزىپ بىرىڭ

بۇ ئادەمدىن ئەجەپ بىزار بولوپ كەتتىم.....

UnRegistered

ئلمي مۇدىر ئالدىمدىكى ئەمەلدار سۇپەت يوغان قۇرساق كىشىنى كۆرستىپ مانا بۇ ياق مەن ساڭا تۇنۇگۇن گىپىنى

قىلغان سلىم مالىم بولىدۇ دىدى.

ھىلىقى ئادەم ماڭا غەلىتىلا كۇلۇپ قۇيدى. مەن ئۇنىڭدىن قىلچمۇ ئوقۇتقۇچى ھىدىنى سىزەلمىدىم.

_ئۇكەم تاشمەمەت بۇندىنكىينىن كۆپرەك يول كۆرستەرسىز ھەي قىرىغاندا قارىمامسىز بۇ ھۆكىمەتنىڭ سىياستىمۇ زە!

مەن ىزمەتتىن ئايرىلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىلى 18يىل بولغان قاراڭ مانا ئەمدىلىك بولغاندا خىزمەت ئورنۇڭ ئەسلى قىيىردى بولسا شۇيەردە ئىشلەيسەن بولمىسا............. دەپ ھەيدىدى .... __ھەي!

___دەرس ئۆتمىگىلى 18 يىل بولدى _مەن ھەيران بولوپ بىر ئۇكىشگە بىر ئلمي مۇدىرغا قارىدىم..

__ئەمدى ۇ ياقنى كۆپرەك يىتەكلىمىسەڭ بولمايدۇ.... __دىدى ئلمي مۇدىر ماڭا ۋەزىپە يۇكلەش ۋەزنىدە

بۇ ياققا 8 ـ يىللىقلارنىڭ جوڭگۇ تارىخى دەرسىنى....."......

__ئۇ دىگەن يىڭى دەرس ئىسلاھاتىغا كىرگەن يىللىق !

__قانداق قىلىسەن ئەسلى كەسپى ئومۇمى پەنكەن ..بىراق باشلانغۇچتا ئادەم تولوق...ئۆتۈپ تۇرمامدۇ باشقا ئادەم تاپقۇچە....

___...................

_ئۇنداق بولسا شۇنداق بولسۇن. سەن بۇگۇندىن باشلاپ بۇ كىشىگە يىتەكچىلىك قىلىسەن تەكشۇرۇش

كىلىپ مەسىلە چىقىپ قالسا سەن.............

_ ........

ئىشخانىدا ئۇ كىشى بىلەن يالغۇز قالدىم . ئۇ كىشى كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ئۇ ئەسلى 18يىل مۇقەددەم ئىشلەۋاتقان يېزىسىنى يىراق كۆرۈپ  بىرئامالالار بىلەن يۇرتى ناھىيە بازىرىغا بىرىۋالغان ھەمدە ئىشى يىنىك بولغان ئاھالە كومىتىتىغا كىرىۋالغان ئىدى...يەنە بىر ماگىزىن ئىچىپ ئىش _ئوقىتىنى ئوبدانلا يۇرگۈزىۋالغان ئىدى...يىللار ئۆتۈپ بۇلتۇرغا كەلگەندە مائاش تەڭشەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى...قارىسا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئورگان خادىملىرىنىڭكىدىن خېلىلا يۇقۇرى ئىدى....شۇنىڭ بىلەن........

___ئۇنداقتا ئەتىدىن باشلاپ جىددى تۇتۇش قىلىپ ......... ....... ....... پىلانلىرىڭىزنى يىزىپ ماڭا تاپشۇرۇڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۆزىۋالىمەن دەرىس تەييارلىقىنى ماۋۇ ئۇسۇل بۇيىچە تۈزسىڭىز بولىدۇ..

___ھەي ئۇكەم...بۇنداق دىسىڭىز ......قاراڭ بۇ مەن 18 يىل بولدى.... ...مۇشۇ بىرنىملەرنى ئامال بار يازمىغان بولسام ..سىزدە بۇرۇن يازغانلىرىڭىز بولغىيدى !! ھى ھى ھى..

__كۆچۈرمەكچىمۇسىز !

__ئەمدى قاراڭ.....

__ئۇنداق قىلسىڭىز ....!

__يامۇنداق قىلامدۇق ئۇكەم...مەن سىزگە 50 كوي بىرەي تاماكىڭىزنىڭ پۇلى بولسىمۇ چىقىپ قالار ..مۇشۇ تاراق_تۇرۇقلارنى سىزلا بىرقوللۇق قىلىۋەتسىڭىز...

غۇژژىدە جۇدۇنۇم ئۆرلىدىيۇ ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم.

UnRegistered

ئۇ بۇندىن كىيىن قانداق قىلار    ياق تۇغرىسىنى ئىيقاندا ئۇ دەرس بىرىۋاتقان تۆت سىنىپ ئوقۇغۇچى قانداق قىلار

دۈشەنبە كۈنى گۇرۇپپامدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماتىرىياللىرنى ئۆتكۆزىۋالىمەن ئۇ كىش چوقۇم ھىچنىمە يازمىدى..

ھەي دادامدەك بىر ئىنسان...." بىرەر مۇھتاجلىقى بولغان بولسا يۇگرەپ يۇرۇپ قىلىپ بەرمەسمىدىم......

.3يىزىلىق مائارىپ ئىدارىسى توپ_... ساتىدۇ

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەكتۇىمىزدە يىغىن ئىچىلىپhsk لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت كىنىشكىسى ....قاتارلىقلار سۇرۇشتە قىلىنغاندا بىرقانچىيلەنلا قۇتۇلۇپ قالغانلار تەتىلدە تەربىيلىنىش ھاشارىغا تۇتۇلاتتى..

قاچاندىن باشلاپ ھىلقى>> ئىككى ئاساسەن <<خىزمىتى باشلاندى شۇكۈندىن باشلاپ ئەتراپىمىزدا كىنىشكا سودىسى

باشلاندى...

بۇرۇنلاردا خەنزۇ تىلى سەۋيە ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىرىنى سالغانلارنى .... ئىمتىھانغا كىرىش كىنىشكىسى ئىشلەتكەنلەرنى ...ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساقتا كىنىشكا خەۋەرلىرىنى ئاڭلايتۇق..مانا ئەمدى بۇ قانۇنلۇق سودا سۇپىتىدە يىزىلىق مائارىپ ئىدارىمىزدە ئىلىپ بىرىلىشقا باشلىدى...

ئوقۇتقۇچىنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا ئەمەس  كىنىشكىسىنىڭ ئاز_كۆپلىكىگە قاراپ بەلگىلەيدىغان بۇكۈنلەردە ھەممەيلەن ئۇھ سىنغان ھالدا:

_شۇ بەشتال كىنشكىنى تولوقلىساقلا بولىدىغان ئىشكەنغۇ_شۇ ! ملىڭ قىترقىنىپ_ئىزدىنىپ دەرس

ئۆتسەڭمۇ شۇ...

دەپ يىققان پۇللىرىنى چىلىڭ سىقىمداپ يىزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىكى ھەممىگە قادىر ئۇچوق ئاشكارا

مەخپى زاتىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى...

بۇ گۇۋانامە چوڭ دۆلىتىدە بەلكىم بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالىدىغىنى ئەڭ كۆپ بولسا

كىرەك.بىجەرگەنلەردىن بىلىشىمچە يىزىلىق مائارىپ ئىدارىسىدىكى ھىلقى مەخپى زات ھەرقانداق

كىنشكىنى بىجىرىپ بىرەلەيدىكەن..پەقەت پۇل بولسىلا!

....................... .........

قايىسى كۈنى بىر ياشنا جوڭراق ئىزمەتدىشىم مەلۇم بىر جەدۋەلگە ئىسمىنى خەنزۇچە تولدۇرۇش لازىم

بولغاندىن ئاچۇن يىنىمغا ئ.لىپ كىرگەن ئىدى.

ئەتىسى يىغىندا كىنىشكا ئىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمى چىقتى ۋاھ

......

خەنزۇتىلىدىن سەككىزىنچى دەرىجىنى ئاپتۇ ئەمەسمۇ !

مەكتىۋىمىزنىڭ<< ئىككى ئاساسەن <<ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى بۇيىچە مۇشۇ مەۋسۇم ئاخىرىغىچە

بارلىق ئوقۇتقۇچىلار قانداق يول ئىشلىتىشىدىن قەتئىي نەزەر چوقۇم كومپيۇتېر مەشغۇلاتى لاياقىتلىك

گۇۋانامىسى ئىلىپ بولىشى كىرەك !ۋەزىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى بۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ..ئەمما مىنىڭ

بىلىشىمچە مەكتىۋىمىزدە كومپيۇتېرنى ئىچىپ _تاقاشنى بىلىدىغان كىشىدىن بىرقانچەيلەنلا_ 3 !

**مائارىپ مۇنداق دەيدۇ>>:كىمگە ئىيتاي: ـ ىمنى <<**

**....." خاتىرىلەر(2 ـ قىسىم(**

خەنجەر

Unregistered

4.ئۆتمەس ماتار  زورلاپ :

دۆلەت زور مالىيە مەبلىغى ئاجرىتىپ نامرات رايۇنلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاپ_ماتىرىيال ۋە باشقا

ھەقلىرىنى كۆتۈرۋەتەرمىش ..دىگەن گەپلەر نى ئاڭلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي...ئازتولا ئەمەلىيلەشكىنى كۆرۆپ

ئىچىمىزدە>> يائاللا!

بۇنداق كۈنلەرگە بىزمۇ ئىرىشىدىكەنمىز<< دىيىشتۇق...

ئەلۋەتتە بۇ ئىشتىن ئاتا_ئانا ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بەتەر سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىزدەك

بىشىمىزدىن پىت_سىركە ئۆكسمەيدىغانلار تىخى بۇ سىياسەت مەكتەپ بوسۇغىسىغا كەلمەي تۇرۇپ

خۇشلۇقىمىزنى باسالماي قىلىشتۇق!

يىزىلاردىكى مەكتەپلەردە سىنىپ مەسئۇلى بولۇش بىر زۇلمەت.بولمايمەن بىرباشقا چىقالمايسەن...سىنى

خىزمەت پوزىتسىيىسسى ئىنتايىن ناچار  مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ئورونلاشتۇرۇشىغا دائىم قارشىلىق

كۆرستىدۇ..دىگەندەك قالپاقلار

بلەن يىزىلىق مائارىپقا يوللاپ بەردىمۇ بولدى...ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ..

ئەمەلىيەتتە سىنىپ مەسئۇلى بولۇش ئۈنچىۋالا تاغ بىسىۋالىدىغان ئىش ئەمەس...شۇغىنىسى يىزا

مەكتەپلىرىمىزدە سىنىپ

مەسئۇلى بولۇش شۇنداق بىر باش ئاغرىقكى ئەييۇھاننناس!..

سىنىتەبىردە بىر سىنىپنى بىشىڭغا كىيدۇردىمۇ بولدى ..ئۆزەڭنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغىنى ئاساسەن

ھىس قىلىپ

UnRegistered

ئۆلگۈرسەن!

سنتەبردە دەرس باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي شمالدىكى يېزىلاردا كۆممە قوناق پشدۇ.شۇنىڭ بلەن

ئاتالمش>> تىرىشچانلىق بلەن ئشلەپ ئىقتسادچانلىق بلەن مەكتەپ باشقۇرۇش <<ئەمگەكنى

باشلىنىپ كىتدۇ يۇقۇرى

ئورگانلار ئىككى ھەپتە ۋاقت بەلگىلەپ قىپقىزىل باشلىق ھۆججەتلەرنى ئەۋەتدۇ.ئەمما ئەمگەكنىڭ

بىرئايدىن ئشىپ كىتىشى ھچقاچان بىرەر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورونىننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ باقمدى...

ئەمگەك ۋەزىپسنى تولۇق ئورونداش ئەمگەك جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكگە كاپالەتلىك

قىلىش ..ئوقۇ...

غۇچىلارنىڭ ئەمگەككە تولۇق چىقىشغا كاپالەتلىك قىلىش ...سنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىخەتەرلىك

سۇغۇرتىسغا

تولوق قاتنىششغا كاپالەتلىك قىلىش ......مانابۇلار پەقەت مەجبۇرى تىڭىلغان مەسئۇلىيەتنامىلەرنىڭ

باشلىنىشى....

مەكتەپلەردە ئەمگەك ۋەزىپسى يىللىقلار بۇيىچە تەقسىم قىلىندۇ.ۋەزىپنى ئورونداپ بولۇش _ بولماسلىق

سىنىپ

مەسئۇلىنىڭ ئىقتىسادىغىلا ئەمەس بەلكى يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك باھالاشلارغىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرستىدۇ.

تىخى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئارتىۋالغاننى ئاز دەپ يەرئىگىلىرىنىڭ نىسى قىلغان

ئەمگەك ھەقلىرىنى يەنە شۇ سىنىپ مەسئۇللىرى يىغىشى كىرەك..بولمىسا بۇ ئۇدۇل بىرىپ مۇئاشقا تاقىلىدۇ.

................

ئەمگەككە تولوق قاتناشمىغانلار نى قانىداق بىر تەرەپ قىلىمىز

_ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىسلەردە!

بولدى مۇدىر شۇنداق يولىيورۇق بەردىمۇ ئەمدى يەنە بىرمۇنچە ئىشلار باشلىنىدۇ.بىرقىسىم ۋەزىيەتنى

s ياخشى چۈشىنىۋالغان قاقباش ئاتا _ ئانىلار نەق ئەمگەك ۋاقتىدا بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدۇ.

UnRegistered

چوقۇم ئەۋەتمەن

دەيدۇ..ئەمما بۇ ئەتە تۈگمەس ئەتە!

بىچارە ئەمگەككە تولوق قاتنىشدىغان>> ئاكتىپ <<ئوقۇغۇچىلارغا تەسەللى بىرىمىز>> سىلەر مۇشۇنداق

تولوق قاتنىشۋېرىڭلار بۇيىل ياخشى ئىشلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاپ.. قاتناشمىغانلارنى

جازالايمىز<<....

ئەمگەك ۋاقتىمۇ توشىدۇ..ئەمما سىنىپلار توشمايدۇ!

ئەمگەككە قاتناشمىغان>> گۇناھكارلار <<نۇمۇس قىلىپ مەكتەپكە كىلەلمەيدۇ...بىرىپ نىمە دىيىشى

كىرەك

ۋاي ئالتۇن ساقام ئەمەس خاتىرجەم بول ئەمگەك تۈگىدى..يۈرە مەن سىنى يۇدۇپ مەكتەپكە ئىلىپ كىتەي

دىيىش كىرەكمۇ. يا بارمايلا قويۇش كىرەكمۇ ياق ھەرگىز مۇنداق قىلالمايسەن چۈنكى كىلەر ھەپتىسى

شتات كومتىتىنىڭ

كىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى ئالىدۇ..پالانچىگە نۇشمىسا ..پالانچى سىنىپنى قىسقارتىدۇ...بۇ

دىگەنلىك پالانچى

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوشوقلۇقىدىن دىرەك بىرىدۇ...بۇ دىگەنلىك!!!..

مۇدىرنىڭ ئەزۋەيلىشىدىن كىيىن ھىلىقى ئەمگەككە قاتناشمىغان پالانچى غوجام پوستانچى خىنىملارغا

يىلىنىغلى ئالدىدا تىزلانغىلى ..دەرسلەرنى تاشلاپ قويۇپ مەھەللىمۇ_مەھەللە يۈرۈپ كىتىمىز......

يۇقۇرىنىڭ سىياستى بولسا تۆۋەننىڭ ئۈنىڭغا تاقابىل پاراستى : .

ئوقۇغۇچىلاردىن كىتاپ پۇلى يىغالماي قەرزگە بوغۇلۇپ يۈرۈشتىن قۇتۇلدۇق دەپ خام ئويلاپ يۈرۈپتۇق

ئەسلى..

ھەقسىز كىتاپلارنى تارقىتىپ پىشانىسىگە>> نامراتلار ئوقۇشلۇق ماتىريالى <<دىگەن تامغىنى بىسىپ

بولۇپ ئۆزۈمىز ئۆتمەي>>..ياندىشما مەشىق ماتىريالى<<لىرى يەنە باشنى ئاغرىتقىلى تۇردى...

UnRegistered

بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كۆتۈرۈلگەن ماتېرىيال ھەققىدىن ياندىشىپ ئىشىنىڭ نەق تۆلەيدىغان باھاسى نەچچە ئون

يۈەن قىممەت ئىدى..

بىرى نامرات دەپ كىتاپ پۇلىنى كۆتۈرسۇن يەنە بىرى يۇقۇرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قىممەت ماتېرىيالنى

زورلاپ تاڭسۇن...!مانا سودا دىگەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى ئەربابلار ھەرقايسى يېزىلىق

مائارىپ ئىشخانىسىدىكى ئەربابلار ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى ئەربابلار...شىنخۇا

كىتاپخانىسىدىكى ئەرباپلار ئاجايىپ

بىر سودا تورى قۇرغان ئىدىكى ساتىمەن دىگىنى چوقۇم ساتىدۇ....

نۆۋەتتە يېزا مەكتەپلىرىدىكى مەجبۇرى بىسىم بىلەن زاكاس قىلدۇرۇپ نەچچە زامانىنىڭ ئالدىدا نەشىر

قىلىنىپ ئۆ

تمەي بىسىلىپ قالغان پايدىسىنىش ماتېرىياللىرىنى ئىلىشقا زورلايدىغان قىلمىشلار گەرچە كەڭ

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غەزەپ

نەپرىتىنى قوزغاۋاتقان بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشقا ھېچكىم جۇرئەت قىلالمايدۇ چۈنكى ئاددى بىر

ئوقۇتقۇچى

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ نەگە بارالايدۇ ئۇ بارسىمۇ ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ نەق ئۆزى

شۇ ئىشلارنىڭ باش ئاتامانلىرى تۇرسا!!!!!

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىدىن قىسقىچە بايان

مۇقەددىمە

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخنى يارتىش جەريانىدا ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس مائارىپ ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى ۋە پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتتى . 10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك مائارىپ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدىقۇت مائارىپى ۋە خاقانىيە مائارىپى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك تارىخىي بۇرچىنى تاماملاپ ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تەبئىي

UnRegistered

پەن جەھەتتىكى ئەڭ پارلاق نامايەندىلىرىنى ئاپىرىدە قىلدى .

يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان تارىم ۋادىسىدىكى سانسىز شەھەرلەرنىڭ مائارىپى- مەدەنىيتى - ئىقتىسادى- سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۆزىدىكى مول مەدەنىيەت قاتلىمى ئاساسىدا ئىلىم-مەرىپەت ئۇرقلىرى بىمالال بىخلىيالايدىغان مەنىۋى تۇپراق ھاسىل قىلىپ - سانسىزلىغان مەرىپەت باغلىرىنى ئاپىرىدە قىلىپ - خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ھارغىنلىقىنى يوقىتىدىغان ۋە ئۇسسۇزلىقىنى قاندۇرىدىغان ئىلىم مېۋىلىرىنى روياپقا چىقاردى. بۇ خىل رىئاللىق يىپەك يولى ئاساسىدىكى ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشنى ئالدىنىقى شەرت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا گاھى ئۆرلەپ گاھى چۆكۈپ تۇرغان بولسىمۇ لېكىن مەرىپەتنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىش ئوتىنى ئۆچۈرمىدى. يىپەك يولى تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ھەم مەدەنىيەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ئۇيغۇرلار بۇ يول ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلىقىنى سىرتقى جايلارغا ئىسپاتلاش ۋە سىرت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە تەمى ئارقىلىق ئۆز روھىيىتىنى غىدىقلاپ تۇرۇشقا تولىمۇ مۇھتاج ئىدى .

Unregistered

ھالبۇكى وپ-توپ كارۋانلار كەينىدىن تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان زىيان ئېلىپ كېلىدىغان - بايلىق ئۇچۇن ئۆز جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ھەر خىل قوشۇنلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن قاباھەتلىك -توزان بۇ جاينىڭ نىسپىي تىنىچلىقىنى ۋەيران قىلىپ مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىللىقىغا تەھدىت سالسا ھەرخىل دىنى ئۇرۇشلار ۋە مەزھەپ كۈرەشلىرى مەرىپەت ئىزنالىرى ۋە مەرىپەت باغلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشتىكى تۇترۇق بولاتتى. بۇ خىل ئاقىۋەتلەر ۋە پاجىئەلەر مەرىپەت باغلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل گۇمران قىلالىسىمۇ . ئېغىر تەھدىت ئىدى. يىپەك يولىنىڭ بۇ خىل لەززىتى ۋە ئاپەتلىرى ئۇيغۇرخەلقىنىڭ قەلبىدە ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ ئۆز مەدەنىيتىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىنىمسىز كۈرەش قىلىش ۋە كۈزىتىش روھىنى يېتىلدۈردى .

تۇيۇقسىز يوقالغان تۆگە كولدۇرمىسى ئاۋازلىرى بۇ زېمىننىڭ ھالاكىتى سۈپىتىدە بىر خىل قىسقا مەزگىللىك غەيرى سۈكۈتنىڭ باشلىنىشى ئىدى. يىپەك يولىنىڭ ئۈزۈلىشى چۆلدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر دەرەخ ئەڭ ئاخىرقى

ئېقىنىدىن مەھرۇم قالدىغاندەك بۇ جايدىكى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى .

دېمەك  يىپەك يولىنىڭ ئۆزگىرىشى خۇددى ئېقىننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئوخشاشلا بۇ زېمىنغا مەنىۋى جەھەتتە قۇرغاقچىلىق ئاتا قىلدى. ئىقتىسادىنىڭ كاساتلىشى بىلەن خەلىق ئىچدە ھەر كىم ئۆز غېمى بىلەن بولىدىغان ئەھۋال بارلىققا كېلىپ . ئىلىم دەرىخىنى سۇغۇرتىدىغان ۋە پەرۋىش قىلىدىغان ئەزىزلەر ئاستا ـ ـ ئازلاشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا يىپەك يولىدىكى بىر توپ ئازغۇن كارۋانلارنىڭ كولدۇرما ئاۋازى بۇ زېمىندىكى كىشلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراشقا باشلىدى. خەلقىنىڭ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان روھىيتىنى ـ  ئاخىرقى پۇرسەت سۇپىتدە  بۇ ئازغۇن كارۋانلارغا ئۈمىد كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىدى .

ھالبۇكى  ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئەجدادىمىز ئۆز روھىدا يېتىلدۈرگەن ۋە سىڭدۈرگەن پاك روھ بولماستىن خەلقنى تېخمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدىغان  قاششاقلىققا ئۈندەيدىغان ئەرۋاھلارنىڭ روھى ئىدى . بۇ ئازغۇن كارۋانلارنىڭ تۆگە كولدۇرمىسى جاھالەت، ئۇيقۇسىغا تەمشىلگەن خەلقنى ئويغاتمايلا قالماستىن . تېخمۇ چېكى يوق قاباھاتلىك چۆشكە غەرق قىلىدىغان شەيتاننىڭ ئەللەي ناخشىسىغا ئايلاندى .تارىم ئويمانلىقى ۋە يارش تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان ھەرقايسى يۇرۇتلار ئۆزۈك ـ ئۆزۈك تىنىقلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئۇيقۇسى بىلەن ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئارىسىدىكى پائالىيەتلەرنى مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا داۋام قىلاتتى  خانىقالار قاينام تاشقىلىق ئىچدە  بازارلار سوكۇتتا  مازارلار قىززىپ كەتكەن ئىدى. ھەيۋەتلىك مەدرىسلەرنىڭ سوكۇتىنى ئاندا ـ ساندىكى تالىپلارنىڭ ۋە ئالىم ئەھلىنىڭ خۇرسىنىشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى . ئىدىقۇت دەۋرىدىكى . مائارىپ خاقانىيە دەۋرىدىكى . ئۆزلۈك بۇ زېمىندىكى مەسئۇلىيەتسىز ئەۋلادلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك قىلاتتى . . . .ھەقىقەت ئۆزلۈك يوقالغاندى .

سەئىدىلەرنىڭ تەرغىيبات تەشۋىقاتلىرى يەرلىك روھانىيلارنىڭ ئىككى ئەسىر تىرىشچانلىق كۆرستىش ئاساسدا تارىم . يارش ئېلى ۋادىسىدا ۋىلايىتى بىرلىك . مەزھەپنى روھىي تۈۋرۈك قىلغان ھەرخىل ئىدىيە ـ بىدئەت قاراشلار خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىي پۈتۈنلۈك مىراسلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ۋەيران قىلىپ . ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن بولىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆز ـ . . تەسىرقىلىدىغان ـ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر پۈتۈن روھى جەھەتتىكى مەنىۋى يىپەك يولى ـ يەنى مەدەنىيەت ئۈزۈلۈپ

Unregistered

يۇرتۋازلىق   قاشتاقلىق ھادىسىلەرگە ئورۇن بوشاتتى .

ھالبۇكى   بۇ يىپەك يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ پاجىئە ئىدى .بۇ مەزگىلدە توپا باسقان مەدىرىسلەر ئۆرۈلۈپ   مازار گۈمبەزلەرنىڭ پەشتاقلىرى تېخىمۇ ئېگىزلەپ بېرىشقا باشلىدى. . . .

مۇشۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدە بۇرۇنلا ئۆتتۈلۈپ كەتكەن سىرتقى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆز گىرىشلەر دۇنيانىڭ يەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ . رايونلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىنى تېخىمۇ . قىسقىراشقا باشلىغاندى. بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرى بۇ خىل مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن باشقا ئىلىم ئىزدەش ئىستىكىدە ئۆز يۇرۇتلىرنى تەرك ئېتىپ چىققان ئىلىم سۆيەر ئوغلانلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۆمۈلگەن روھلار خۇددى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا قىسمەتنى باشتىن كەچۈرۋاتقان . ئەمما ئۇيلىنىش . ئويغىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە قوزغالغان ئۆزلۈك مەرىپەت شامالىلىرى تەرىپىدىن ئويغىنىشقا دۇچ كەلدى .بۇخىل يۈزلىنىش بىلەن ئۇچرىشىش پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەش ئىستىكى . دۇنيانى چۈشىنىش ئارزۇسىدا بولىۋاتقان كىشىلىرىمىزگىلا نىسىپ بولدى . گەرچە ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ۋە ئۇچراشقىنى شۇ مەزگىلدىكى جاھاننىڭ ئەڭ تېز تەرەققىياتى بولسىمۇ   قىرىم ۋە قازان تاتارلىرىنىڭ ئۆزلۈك ئىستەش روھى ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇشكۈل   تېخىمۇ جاپالىق ۋە ئىنتايىن خەتەرلىك تەۋەككۈل قىلىشقا ئەرزىيدىغان روھ ئىدى. بۇ خىل روھ ئاخىرى ئاتۇشتا بۇنىڭدىن بىر يۈز ئۆتتۈزيىل بۇرۇن ئۆزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانلىرى تەرىپىدىن نەچچە ئەسىر ئاۋۋالقى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تىرىلگەن ھۆججىيرسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى.

## ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى

ئاتۇش ئۇيغۇرلارنىڭ دۇرى ئاتالاش خاراكتېرىدىكى بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە تۇنجى بولۇپ . قەدەم قويغان ۋە بۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئىقتىسادى   ياشاش ئۇسۇلى. تىلى قاتارلىق تەرەپلەردە زور ئۆزگىرىش ياسىشىغا تۈرتكە بولغان شاھىد زېمىن بولۇپ . بۇ يەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان ئىدى .

بۇزېمىندا ئەل سۆيەر خاقانلار   ئالىم ـ ئۆلىما ئۇستازلار   باھادىر قەھرىمانلار ئاخىرەتلىك ماكان تۇتقان

Unregistered

بولۇپ   مىڭ يىللىق ئۆزلۈك روھى مۇشۇ زېمىندا كېيىنكىلەرگە ئىلىم بېرىپ كەلدى. زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم ئىزدەش ئىستىكىدە بۇ زېمىنىدىن چىققان سانسىز ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە ئىلىم ـ پەن جامائەت ئەرىبابلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ دەشت ـ چۆللىرىدە ئىزلارنى ۋە ناملارنى قالدۇرۇپ  ئۇ جايلاردىكى ئىلىم ئۇرۇقلىرىنى. . . . .   ئاتۇشتىكى تالىپلارغا يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇ خىل ئىزچىللىق تەتجىسىدە ئۆزلىرى كۆرگەن يۇرت ۋە ئىشلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ . يۇرتلاردىكى قانائەتسىزلىك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ سەپەر كارۋانلىرىنى تېخىمۇ يىراق مەنزىلگە چۈشكەن قىلىشقا تىنىمسىز رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى . ئاتۇش زېمىنىنىڭ قۇرغاق مەنبەسىنىڭ يېتەرسىز . ئاپەتلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ياشاش ھوقۇقى ئۈچۈن . تىنىمسىز تىپىرلاۋاتقان   بۇ تاشلىق زېمىندىكى خەلق قەلبىدە ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق يېڭى ساكان ئىچىش ياكى بۇ زېمىندا ئۆزلۈكسىز ياشاش ھەققىدە تىنىمسىز ئىككىلىنىش پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئاخىر ئاتۇش خەلقى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتاين مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

زور تۈركۈمدىكى كۆچۈش   قەشقەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆتەڭلەرنى ئاۋات قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بارغان يەردە ياشاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەشلەرنى قىلدى. سانسىز قان ـ تەرلەرنى تۆكتى . ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئىزددى ۋە ئۇنى تاپتى. تەمەسىز ياشاش . ئۇنۇملۈك روھى  ئۆزلىرى بارغان يەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتىش ۋە تاشلاپ چىقىپ كەتكەن زېمىننى ياد ئېتىش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىبادىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

ئېلى بوستانلىقلىرى  پەرغانە ۋادىللىرى   بۇخارا . سەمەرقت شەھەرلىرى ئۇلارنىڭ تاشلىق . قاقاس يۇرتى ھەققىدىكى سېغىنىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرالمدى. ئۆزلىرى بارغان جايدا ئۆز ئاساسىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن .

كارۋانلىرىنى باشلاپ بۇ تاشلىق زېمىنغا قايتىپ تاۋاپ قىلىش ئۇلارنىڭ ئادا قىلىپ كېلۋاتقان بۇرچلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھۈنەرۋەن ئۇستا ۋە ئۆلىمالارنى ئۇلۇغلاش پىسخىكىسى ئۇلاردا قەدىر ـ قىممەتنىڭ زادى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇمۇمىيۈزلۈك چۈشىنچە ھاسىل قىلدى. ئۆز يۇرتىدىكى بايلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى بۇ زېمىندىكى ھەر بىر كىشىنى مۇقىم كاپالەتكە ئىگە بولغان ماددى

Unregistered

تۆرمۇش توغرىسىدا  تىنىمسىز تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدى.

بىردەملىك توپلانغان بايلىقنىڭ پەقەت قىسقا مەزگىل تۇرمۇشنى قامداشقا يېتىلدىغانلىقى ھەققىدىكى رېئاللىق بۇزېمىن كىشىلىرىنى يىراق كەلگۈسنى كۆزلەپ تېخىمۇ يىراق جايلارغا بېرىپ سودا سېتىق ئارقىلىق ئۆزاق مۇددەتلىك پاراۋانلىق تۇرمۇش ئۈچۈن كۆرەش يولغا باشلىدى.چۈنكى . بۇ تاشلىق زېمىن ھەربىر ئاتۇشلۇق ئېگىراپ تۇغۇلغاندا ئۇنىسىز قارىشى ئالدىغان  ۋاپات بولغاندا پەقەت ئۆز قوينىغا ئېلىشتىن باشقا نېمەتلىرى بىلەن تەمىن ئېتەلمەيتى . بۇ زېمىندىكى كىشلەر ئۈچۈن كۆپايە ئىدى. بۇ خىل ئىستەك سەۋەبىدىن يەنە نۇرغۇن سودا كارۋانلىرى ۋە مۇساپىرلار توپى تەۋەككۇلچىلىك بەلۋىغىنى باغلاپ ئىشەنىچ بىلەن ئۆزلىرىگە تونۇش ياكى ناتونۇش زېمىنلارغا قاراپ ئاتلاندى. بۇخىل كارۋانلار ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە  بۇ زېمىن خەلقى يەنىمۇ ئىشەنچكە تولاتتى.قايتىپ كېلەلمىگەن . ئۆز قەبرىلىرى بىلەن تاغلارنى . چۆللەرنى ئاۋات قىلغان كىشارى ئۈچۈن يەنە بىر تۇركۇم ئىزباسار كارۋانلار توپى تەشكىل قىلىناتتى. بايلىقنىڭ جۇغلىنىشى بۇ زېمىندا قول سانائەت ۋە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ماددى ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىققا كەلگەن قول سانائەت ئىگىلىكى بۇ زېمىندىكى خەلقنى ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكىن يەنە  بىر يول بىلەن تەمىن ئەتتى. نەچچە ئەسىرلىك سودىگەرچىلىك سەرگۈزەشتلىرى جۇغلانمىسى سەۋەبىدىن ھەققىي . ياخشى سۈپەتلىك ماللارنىڭ بازىرىنىڭ ئۆلمەس مال ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىت قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىبلىنىماغا ئايلاندى. ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىش . ئۆزلىرى سېتىش  ئۆزلىرى يۆتكەش . بىر پۈتۈن سودىنىڭ زەنجىرسىمان ھالقىسىنى ھاسىل قىلدى  بۇ جەرياندا سودا رىقابىتى سەۋەبىدىن قول سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭىچە بىلىملەرگە بولغان ئېھتىياج كۈندىلىك ھەل قىلىندىغان كۈنتەرتىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

شۇنىڭ بىلەن ئۆز قەدىمي يەتكەن زېمىندىكى يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە قۇراللىرى بۇ زېمىندا ئۆششاق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان قول سانائەت دۇككان ئىگىللىرى ۋە سودىگەرلەر جەمئىيەتنىڭ ئاساسي قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدىغان  سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا رىقابىتىدە نۇقىل تەقلىد قىلىش ياكى كۆچۈرۈپ قوللىنىشنىڭ ئۆز

Unregistered

تەرەققىياتىغا ئۇزاق مۇددەتنى ئويلىغاندا توسقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى . ئاۋۋال كاللىسنى ئىلىم بىلەن

قۇراللاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى .بۇنداق شارائىتتا جەمئىيەت ۋە

ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم تەسىرلىرى ئويغۇنۇۋاتقان سودىگەرلەر تەبىقىسىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق

قىلغانلىقتىن ئۇلاردا بىر خىل ھالەتكە قارىشى نارازىلىق كەيپىيات شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرت

ئاتلاپ سودا قىلىدىغان بىر قىسىم سودىگەرلەرگە ئۆزلىرى بارغان بىر قىسىم جايلاردىكى تەرەققىيات ۋە يېڭىچە

يۈزلىنىشلەر ئۇلاردا ئۆز لىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە قارىتا نارازىلىق كەيپىيات ۋە ئۆز كەسپىگە قارىتا خەۋپسىرەش

تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى . ئۆزلىرى بارغان جايلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېز

يۈكسىلىشى ئۇلارنىڭ ئارقىدا قالغان قول سانائىتى ۋە سودا قىلىش ئۇسۇلى ئۈچۈن ناھايىتى زور تەھدىد

بولۇپ. بۇ بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈ ن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەت

تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىش ئۈچۈن ئۆزگىچە

مائارىپنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى .

ـ 19ئەسىرنىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشىكنى چىڭ تاقىۋېلىش سىياستىنى يۈرگۈزۈپ 9 دۆلىتىمىز

بۇرژۇئازىيە بىخلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ 9 غەرب پەن ـ مەدەنىيتى بىلەن شەرق

پەن ـ مەدەنىيتى ـ جۈملىدىن جۇڭگونىڭ تەبئىي پەن تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى.

يېڭىچە ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ سىڭىپ كىرىپ ئۆز ھاكىيمىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئاساس سېلىشقا ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن . تاشقى سودىنى ھۆكۈمەت مونوپول قىلىۋېلىپ پەقەت گۋاڭجۇ شەھرىنى سىرت بىلەن ئالاقە

قىلىدىغان بىر كۆزنەك قىلىپ ئېچىپ قويدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا چارروسىيە ئۆزىنىڭ قورۇقلۇق

ئارمىيىسىگە تايىنىپ سىبىر دالىلىرىدىكى خانلىقلارنى يوقىتىپ ئالدىنىقى سەپ قورغانلارنى قازاق داللىرىغا

قەدەر سۇسلاشتۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە سودا ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ سودىگەرچىلىك قىلىش باھانىسىدا

ـ ـ شىمال جىگىرسىگە ئۆسۈپ كىرىپ ئاخبارات توپلاپ كېيىنكى قەەمدە ھەربىي ھەركەت قىلىش ئۈچۈن

جىددى تەييارلىنىۋاتاتتى .

غەرب ئەللىرى جۇڭگو بىلەن بولغان سودىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەپيۇن سودىسىنى باشلىغان چاغدا

Unregistered

جۇڭگۇدىكى گوڭ زىجىن ۋىي يۈەن قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار چىڭ سۇلالىسىغا مەكتۇپ سۇنۇپ يېڭچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۇنداق بولمىغاندا غەربتىكى ئەللەر بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلالماي دۆلەتنىڭ ئونۇۋرسال كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىنى شەرھلىگەن بولسىمۇ لېكىن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. گۇاڭجۇ قاتارلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن جايلاردىكى بىر قىسىم ئەدىب ـ مۇتەپەككۇرلەر سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا غەرب ئىدىيىسى ۋە غەربنىڭ تەبئىي پەنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ جۇڭگۇدىكى ئىدىيە ئويغۇنۇش ئىشلىرىنىڭ تۇنجى بايراقدارلىقىغا ئايلاندى .

ئەپيۇن ئۇرىشىدىن ئىبارەت رەھىمسىز رىئاللىق نەچچە يۈز يىل بىكىنمە ھالەتتە تۇرغان جۇڭگۇنىڭ دەرۋازىسىنى توپ زەمبىرەكلەر بىلەن ئېچىۋېتىش جۇڭگۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ناتۇرال ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىپ غەربنىڭ ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە غەربىي شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ . چىرىكلەشكەن چىڭ ئەمەلدارلىرى ئەمەل سودىسى ئارقىلىق ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇش بىلەنلا بولۇپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تۈچۈن ئۆز زېھنى قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلمىدى. جاھانگىر غوجا توپىلىڭىدىن كېيىنكى چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قوقان خانلىرىنىڭ سودىگەرلىرى قەشقەر تەۋەسىنىڭ سودا ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ قەشقەر تەۋەسىدىكى سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچراتتى. ئەپيۇن ئۇرۇشى رەسمىي پارتىلىغاندىن كېيىن . چارروسىيە قۇرۇقلۇق چېگرىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگۇغا مۇداخىلە قىلىش ھەركەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى ـ 1851 .يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چارروسىيەنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى كوۋالېۋىسكى ئىلى جاڭجۈننى يى شەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىلى تارباغاتايدىن باشقا يەنى قەشقەرنى سودا ئېغىزى قىلىپ ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگۇ روسىيە ئىلى تارباغاتاي سودا نىزامنامىسىنى ئىمزالاپ ، شىنجاڭدا باج تۆلىمەي سودا قىلىش ماددىسىغا ئاساسەن ئۆز ماللىرىنى جىددى تۆكمە قىلىپ سېتىپ ، ئەزەلدىنلا قول سانائىتى ئاجىز بولغان شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى ئۇچۇن ئاپەت خاراكتېرلىك زەربە ئېلىپ كەلدى .تەڭسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان شجاڭ سودىگەرلىرى ئالدىدا چارروسىيە سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بېرىش

Unregistered

ياكى ئۇلاربىلەن رىقابەتلىششتىن ئىبارەت ئىككى يول بار ئىدى. نۇرغۇن سودىگەرلەر دەسمايىسى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە سودىگەرلىرى بىلەن شىرىكلىشىپ ئۇلارنىڭ ماللىرنى سېتىپ بەرسە تۆلەيدىغان باجنىڭ ئاز بولۇشدەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ ، چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بىرىش يولغا ماڭدى.گەرچە شىنجاڭنىڭ قول سانائىتى ۋەيران بولۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ ، روسىيە ماللىرى بىلەن رىقابەيلىشەلەيدىغان تېرە-يۇڭ مەھسۇلاتلىرى تېخىمۇ بازار تېپىشقا باشلىدى .

جاھانگىرلىك تاجاۋۇزچىلىق يولىغا قاراپ مېڭىۋاتقان چارروسىيە ئۆچۈن تىرە يۇڭ مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن غەربىي ياۋۇرپادىكى شەھەرلەرنىڭ سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ كۆپ پاختا مەنبەسگە مۇھتاج ئىدى. بىر قىسىم ئالدىن كۆرەر سودىگەرلەر مۇشۇ خىل ئارتۇقچىلىقدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ پاختا تېرە-يۇڭلىرىنى ئۆزلىرى بىۋاستە روسىيە ۋە گىرمانىيەلەرگە يۆتكەپ- روسىيە ماللىرىنىڭ تۆكمە قىلىپ سېتىلىشدىن تارتقان زىيانلىرىنى تۈگىتىپلا قالماستىن - نۇرغۇن بايلىققا ۋە ئەقىلگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار غەربىي ياۋروپا ۋە روسىيەدىكى سانائەت تەرەققىياتىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخنىكىنىڭ بىر خىل بايلىق ئىكەنلىكىنى تېخنىكا ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇل ۋە ئەقىل تاپالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا سانائەتكە يۈرۈش قىلىش ئىستىكى قوزغالدى. ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سەۋىيسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۇلار كۈتكەن دەرىجىدە بولمىغانلىقتىن ئاۋۋال ئادەم تەربىيلەپ ئىشنى باشتىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان . خىۋە بۇخارادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنى بېسىۋېلىپ ئېلىمىز چېگرىللىرىغا يېقىنلاپ كەلگەن مەزگىل بولۇپ . چارروسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكە سىياسەتلىرى بۇ زېمىندا تارىختىن بۇيانقى تەرەققىچىلىق ھالىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان خەلق ئىچىدە ئۆز- بىرلىششىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ بىرخىل كىرىزىس تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردى. ارروسىيەنىڭ سىياسەتلىرىگە قارىشى مىللىي ئاڭنىڭ تېزدىن رويابقا چىقىشى ئىدىيە ئويغۇنىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ . ھەرخىل ئىدىيلەرنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىدىيە ئويغۇنىش ئىشلىرىغا تەسىر قىلغان ئامىللارنىڭ بىرى روس بۇرژۇئازىيە دىمكوراتلىرى بولۇپ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى بېسىۋېلىنغان زېمىن ۋە يىراق سىبرىيە روسىيىنىڭ

Unregistered

جىنايەتچىلىرىنى پالايدىغان يەرگە ئايلانغانلىقتىن هۆكۈمەتكە قارىشى نۇرۇغۇن كىشى بۇ جايغا پالاندى ياكى قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېزىلۋاتقان خەلق ئارىسدا ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى .

گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلق رۇس دىمۇكراتلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئ.ومۇميۈزلۈك ئالدىراپ قوبۇل قىلالمىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ چار پادىشاھقا قارشى مەيدانى رۇس دىمۇكراتلىرى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن ـ تولا تەسىرلىرىنى قۇبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەمما. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئويغىنىشقا بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى تاتارلار قوزغىغان جەددىزىم هەركىتى بولۇپ تاتارلارنىڭ تارتىقان ئازابى ۋە چەككەن زۇلمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلققە نىسبەتەن كۆپ ۋە چوڭقۇر بولغانلىقتىن. ئۇلار ئۆز تىل ـ يېزىق مەدەنىيتىنى قوغداش ۋە ئىمپىرىيە زىمىندا ياشاش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيە ئويغۇنۇش هەركىتىنى داغدۇغلۇق هالدا باشلىۋەتكەن . ئىلگىركى قالاق روسلارنىڭ پىتىر دەۋرىدىن كېينلا تېزدىن دۇنياۋى ئىمپرىيە بولۇش يولغا قاراپ ماڭغانلىقتەك تارىخى پاكىت ۋە ياۋرۇپادىكى سانائەت تەرەققىياتى تاتارلادرا يېڭىچە پەن ـ مائارىپنىڭ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تولىمۇ مۇهىملىقىنى هېس قىلدۇرۇرشقا باشلىغانىدى. ئەمما خەلقىنىڭ بۇكۆز قاراشلارنى تۇيۇتىن قۇبۇل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يېڭىچ پەن ـ مائارىپمۇ روسلارنىڭ بىرخىل ئىددىيە قۇرالى ئىدى . شۇڭا ئۇلار يېڭىچە مائارىپنى قوللىنىشتا ئىسلام ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىش مەسلىسنى كۆتۈرۈپ چىقتى. چۈنكى زاۋانلىقتا يۈزلىنىۋاتقان ئوسمان ئىمپىرىيەسى ۋەجاهان تەرەققىياتى بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ماسلىشالمايۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچىكى هەققىدىكى ئويغۇنىشلار جامالىدىن ئەفغانى ۋە مۇهەممەد ئابىت قاتارلىق كىشلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا تېزدىن ئويغىنىپ تاتارلار ئارىسىدىمۇ بەلگىلىك تەسرگە ئىگە بولغانىدى.

مۇشۇنداق شارائىتتا قىرىم تاتارلىرىدىن ئىسمايىل گاسپورىسكى ـ **1883** يىلى تەرجىمان ناملىق گىزىت چىقىرىپ روسىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسدا جەددىزىم ئېقىمىنى تاراتتى. ئۇسۇلى جەددىت . يېڭى ئۇسۇل . دەسلەپكى مەكتەپلەردە يېڭىچە مەزمۇندا ۋە يېڭىچە ئۇسۇلدا دەرس ئۆتۈش . مەكتەپ . مەدرىسلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان دىينى دەرسلەر بىلەن بىللە يەنە ماتىماتېكا . تەبىئەت ئىلمي ۋە چەتئەل تىلى

Unregistered

دەرسلىكلىرىنى تەڭ يولغا قويۇش شەكلىدە ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. بۇ خىل تەرغىباتلار تېزدىنلا ئوتتۇرا ئاسىياغا تاراپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىدىيە ئويغىنىش ئىشلىرىغا تۆرتكىلىك رول ئوينىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئەھمەت دانىش ئۆز تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا روسىيە سوتسىيالىزمىنىڭ ئىدىيلىرىنى تارقىتىش بىلەنلا قالماستىن يەنە ئۆزنىڭ جەمئەت ۋە تەبئەت ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن فېئودالىزىمغا قارىشى بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ تۆرغان مەزگىل ئىدى.

تاشكەنت. سەمەرقەنت . بۇخارا ۋەئەنجان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا جەددىزىم پائالىيەتلىرىنى باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ . تۆركىستان ۋىلايەت گىزىتىدە گىزىت مەسئۇلى مۇھەممەد ئەلى مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ پىكرداشلىرى مۇنەۋۋەر قارى . بېھبۇدى قاتارلىق كىشلەر مەكتەپلەردە يېڭىچە ئوقۇتۇش : دىنى ۋە تەبئىي پەنلەرنى تەڭ دەرس مەزمۇنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدى: بۇھەركەتلەر شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇچۇن ياخشى بىر تەجرىبە بولۇپ قالغانىدى .

شۇچاغدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن نىسپى تىنچلىق بەلگىلىك دەرىجىدە خەلق تۇرمۇشغا قولايلىق ئېلىپ كېلىپ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە ـ تولا يۈكسىلىشەر ئۇچۇن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەجنەبىيچىلىك ھەركىتىنى مەيدانغا چىقىرىش جەريانىدا يېڭىچە پەننى بىلىملەرنىڭ تەمنى تېتىپ قالغانلىقتىن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە يېڭىچە تېخنىكا قوللىنىپ . زاۋۇت ئوفىسىرلار مەكتىۋىنى تەسىس قىلغان بولسىمۇ . لېكىن جۇڭگودىكى فېئودانلىق كۈچلەرنىڭ تەسىرى ۋە خەلقنىڭ كۆزنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ . ھەققىي غەرب ئۇسلۇبىدىكى پەننى مەكتەپلەرنى تېخى ئاچمىغانىدى. ئەمما. بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىشقا باشلىغانىدى. غەرب پەن تەرەققىياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىدىيە جەھەتتە غەربنىڭ ۋاستىلىك تەسىرگە ئۇچراۋاتقان جۇڭگودىكى بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئەسىرلىرىدە بىتىن ئۆگىنىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغاچقا . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى بىر تۈركۈم كىشلەر جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ بىلەن غەربنىڭ يېڭىچە مائارىپىنى سىناق قىلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. شىنجاڭغا قوشۇنغا ئەگىشىپ چىققان كىشلەر ۋە يېڭىدىن

Unregistered

ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار شىنجاڭغا ھەرخىل ئىدىيىلىرىنى ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھەم كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرلۇش ھارپىسىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ھەر قايىسى جايلاردا شۆتاڭلارنى تەسىس قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتىشقا باشلىدى. يۇقۇرقىدەك تارىخى شارائىتلار تۈپەيلىدىن ئەڭ ئاۋۋال قەشقەر . ئاتۇشتا جەددىزىمنى ئاساس قىلغان يېڭىچە مائارىپ ھەركىتى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن ھوجۇدقا چىقتى .ئاتۇش يېڭىچە مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى يۇقۇردا بايان قىلىنغاندەك ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىلەرنىڭ مۇشۇ زېمىندىكى ئىنكاسى بولۇپ ئۆز شارائىتى بىلەن ماس كېلىدىغان يېڭىچە مائارىپ يولىنى تاللاش ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمىدى. بۇمائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان شەخسلەر مۇسا بايۇفلار قاتارلىق ئاتۇشتىن يېتىشىپ چىققان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشلەر ئىدى .

مۇسا بايۇفلارنىڭ قىسقىچە ئائىلە تارىخى

مۇسا بايۇفلارنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر ئاتۇش ناھىيە ئىكساق كەنتى . ئۇلارنىڭ يەتتە ئاتىسى ئاشۇ زىمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە دېھقانچىلىق . كارخانىچىلىق. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان .ئۇلارنىڭ سودىسى ئابدۇرۇسۇل بايدىن باشلاپ دۇنياغا يۈزلەنگەنىدى.ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى:

.1مۇھەممەت ئېلى.1760 ـ يىلى تىجارىتىنى توختۇتۇپ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.ئۇنىڭ يەر سۇ ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى بىر بۆلۈم چارۋىسى بولغان. شۇ يۇرتنىڭ ھاللىق كىشىللىرىدىن ئىدى.

.2ئابدۇلئەزىز.ئۇ ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ قوشۇمچە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە يەر ـ زېمىن. مال ـ مۈلۈك. نەخپۇل كۆپەيگەن .

.3ئابدۇمىجىت.بۇ كىشمۇ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ قوشۇمچە ئاتا كەسپىي تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىناۋەتلىك كىشىللىرىگە جامائەت ئەرباىبغا ئايلانغان.

Unregistered

.4تۇردى. بۇ كىشىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن تىجارىتى ئوخشاش دەرىجىدە كىرىمگە ئىگە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە يەر سۇ ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى  چارۋىچىلىق ماللىرى ئالاھىدە كۆپەيگەن. تىجارەت دائىرىسى چوڭ شەھەرلەرگە يۈزلەنگەن. تۇردى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇكەممەل دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە تىجارەت كىرىمى دېھقانچىلىق كىرىمىدىن ھەسسىلەپ ئاشقان. ئۇ شۇ زاماندا ئاتۇش  بويىچە ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپ  ئۇنىڭ ئىقتىسادقا قارا پ كىشىلەر ئۇنى تۇردى قۇم) پۇلى قۇمدەك كۆپ دېمەكچى)دەپ ئاتىغان.

.5ئابدۇرۇسۇل. بۇ كىشى تىجارەتنى ئاساس  دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغان. مۇسا بايوفلار ئائىلىسى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ جەنئەل بىلەن سودا قىلغان كىشى. ئۇ دىنىي مەكتەپتە كۆپ ئوقۇغان ئادەم بولۇپ. پارىس تىللىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۇقۇرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغلى مۇسا ھاجىمنى ئوقۇتۇپ. بىلىملىك. قابىلىيەتلىك. ئىگىلىك باشقۇرغۇچى قىلىپ تەربىيلىگەن. كېيىن تىجارەتنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئوغلى مۇسا ھاجىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ. ئۆزى جامائەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن.

.6مۇساھاجى. بۇ كىشى ئاتىسى ئابدۇرۇسۇل باينىڭ تەلىمگە ۋە ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىپ بىرىنچىدىن:تىجارەتكە ۋارىسلىق قىلدۇ ئىككىنچىدىن:يەككە ئىگىلىك يارىتىپ تىجارەتكە كارخانا ئىشلەپچىقىرىشنى قوشىدۇ. ئاتىسىنىڭ پۇلىنىڭ خوجايىنى بولماي ئىلىمنىڭ خوجايىنى بولۇڭلار دېگەن ۋەسىيەتكە ئاساسەن k " بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ  پارىس ئوردۇ تىللىرىنى ۋە شۇ تىل-يېزىق ئىلمىنى مۇكەممەل ئىگەللەيدۇ. ھەم جاھان كېزىپ يېڭى مائارىپ يېڭى كەشپىياتلارنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادىن ئۆگىنىپ شىنجاڭنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە 1885-يىلى ئىلى كۇرەدە 200ئىشچىسى بار تۇنجى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى. ئۇنىڭ يېنىغا تۇگمە. يېلىم. كىگىز. سوپۇن. شام  گېلەم ئارقان ئات ئېگەر جابدۇق . ھارۋا جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى قۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئوغلى ھۇسەنباي  باھاۋۇدۇنبايلارنىمۇ يۇقۇرى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ  ئىلىم-بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۇرۇش بىلەن بىللە ئۇلارنى پەن-تېخنىكىنى قوللىغۇچى- يېڭىلىق

Unregistered

ياراتقۇچى قىلىپ تەربىيلەيدۇ.مۇساھاجىم ھايات ۋاختىدا قازاندىن جەدىد (يېڭىچە)مۇئەللىملەرنى بۇخارا

باغدادتىن دىنىي ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ مەدرىسلەردىن چەتئەل تىلى تارىخ ئاسترنومىيە

ماتېماتىكا ئىلمىي تەجۋىد قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.بىرمەزگىل ئىلىم يۇقۇرلىقى بىلەن مۇدەررىس

بولىدۇ. ئۆزى نەچچەمىڭ پارچە كىتاب ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشىر قىلىنغان گىزىتلەرنى توپلاپ

خەلققە كىتابخانا ئېچىپ بېرىدۇ.مۇساھاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جامائەت ئىشلىرى بىلەن تىجارەت ئىگىلىك

باشقۇرۇشنى ئوغۇللىرى ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنبايغا قالدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ تىجارىتى 1895 ـ يىلى ياۋروپاغا

يۈزلەنگەن بولۇپ شۇندىن بۇيان مۇسا ھاجىنىڭ ئىسمى پەرزەنتلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىنىپ ياۋروپادا

مۇسابايوف دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ .

مۇساھاجىمنىڭ ئۈچ خوتۇندىن ئالتە ئوغۇل ئىككى قىزى بار بولۇپ

ئوغۇللىرى :ھۈسەنباي باھاۋۇدۇنباي ئىمام مۇھەممەت ھسامىدىن ئوبۇل ھەسەن ئابدۇللا.مۇسا ھاجىم

ئۆزىنىڭ بارلىق تىجارەت ئىشلىرىغا ئىككى چوڭ ئوغلى ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباينى ۋارىس

قىلىدۇ.ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي مۇساھاجىمدىن كېيىن قالغاندىن كېيىن ھۈسەنباي ئومۇمىي ئىشلارغا

مەسئۇل بولۇپ قوشۇمچە زاۋۇتنى باشقۇرىدۇ. باھاۋۇدۇنباي ئىشكى ـ تاشقى سودا ۋە سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا

مەسئۇل بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەت ئىلىدىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋۇچىلىققا. ھسامىدىن قەشقەردىكى

دېھقانچىلىق. چارۋۇچىلىققا. قوشۇمچە كەسىپلەرگە. ئوبۇلھەسەن خوتەن يەكەن ـ ". ئاقسۇ

ۋىلايەتلىرىدىن خام ئەشيا سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا. يەنە چەتكە ئېكسپورت قىلىش. ئىمپورت ماللىرىنى جەنۇبىي

شىنجاڭغا تارقىتىش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇشنى ئۆز ـ ئۈستىگە ئالغان.بۇ ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە

سۇرۇپ چىققىنى ھۈسەنباي ۋە باھاۋۇدۇنباي بولۇپ يېڭىچە مائارىپ ئۈچۈن ئۆز يۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلغان

كىشى باھاۋۇدۇنباي (1851 ـ 1928)ئىدى .

يېڭىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلىشى

باھادۇنباي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيىلەردە سودا قىلىش جەريانىدا ئۆزى كۆرگەن تەرەققىياتلار ۋە تاتارلارنىڭ

ئويغىنىش باشقۇچىدىكى پائالىيەتلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ ئۆز يۇتىدىكى خەلق بىلەن

Unregistered

خەلق ئوتتۇرسىدىكى ئىجتمائىي پەرقلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغان . يەنى تەرەققىياتنىڭ مىللەتكە ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قەشقەردە يېڭىچە يەنى ـ مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ دەۋر شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ. **1870** ـ يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئېچىلغان سىنىپ فىئودانلىق كۆچلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن **1873** ـ يىلى بۇ مەكتەپنى ئېكساققا يۆتكەپ ئۆز ئىگىلىكى رۇناق تېپىۋاتقان غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدا ئاتاقلىق تەرەققىيەتپەرۋەر زات ناسىر ئاخۇن داموللامنىڭ قوللىشىدا تۆت سىنىپلىق يەنى مەكتەپ تەسىس قىلىپ پۈتكۈل چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ئەمما بۇ مەكتەپلەرمۇ دەۋر شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبى ۋە ئوقۇتقۇچى مەنبەسىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن يېرىم يولدا تاقىلىپ قالىدۇ. ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ ـ **1883** ـ يىلى كېرىمئاخۇننى قازان دارىلمۇئەللىمىنگە يېڭىچە يەنني بىلىملەر ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدۇ . كېرىمئاخۇن ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن **1885** ـ يىلى ئېكساقتا يېڭىچە يەنني مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ دەرس باشلايدۇ. رەسمىي دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كېرىمئاخۇن خەلپىتىم چوڭ غوجىكام سولتان مەخمۇت ئىدرىس ھاجى راھىلە بۇۋىم قاتارلىقلار بولۇپ تونجى قارار ئوقۇغۇچىلار **105**. بۇنىڭ ئىچىدە25ى قىز ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ تۈرلىرى : ھېساب : تىل ئىملا : ئەدەبىيات : ـ پارىس تىلى : تارىخ : جۇغراپىيە : ئىلمىي ھال : ئىلمىي تەجۋىدي، تەنتەربىيە قاتارلىقلار بولۇپ ـ ئەنئەنىۋى مائارىپقا نىسبەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ـ باشقىچە بىر يەنني تۈس ئالغان مەكتەپ ئىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان باشلانغۇچ مائارىپ شەكلى مۇنداق ئۈچ خىل:

**(1)** مەدرىس . زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان دىنى مائارىپ ئاساس قىلىنغان مەھەللىۋى مەكتەپلەر بولۇپ پۈتكۈل قەشقەر شەھرىدە **70** ـ **80** دەك مەدرىس **0** يېزىلىلىرىدىمۇ شۇنچىلىك مەدرىس بار ئىدى. مەدرىسلەردىكى بىر سىنىپقا ھەرخىل ياشتىكى . بىلىم سەۋىيەسى ھەرخىل تالىپلار يىغىلغان بولۇپ مەزمۇن جەھەتتە قۇرئانى كەرىم ۋە ئەرەبچە . ئارىسچە ئەسەرلەرنى يادلىتىش ئاساس

Unregistered

قىلىنغان بولغاچقا  تالىپلارنىڭ يېزىش سەۋىيەلىرى يېتەرسىز ئىدى. (2) خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەر . 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن يەرلەردە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئاچقان . كېيىنچە خەنزۇتىلى ئۆگىنىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان ياكى ئەمەلدارلارغا تەرجىمانلىق قىلىدىغان خادىملارنى تەربىيلەشنى مەقسەت قىلغان شۆتاڭلارنى تەسىس قىلغان . خۇسۇسىيلار مەكتىۋى مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەرنى جۇڭگوچە كىيىم كېيىپ كۇڭزى تەلىماتى تەربىيەسى ئېلىشقا مەجبۇرلىغاچقا . مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ھۆكۈمەت ئاچقان شۆتاڭلارمۇ بەزىبىر سەۋەبلەردىن ئوقۇغۇچىلىق تەرەققىي قىلالمىغان . (3) چەتئەللىك دىن تارقاتقۇچىلار ئاچقان مەكتەپلەر . خىرىستان دىنى تەلىماتلارنى تارقىتىش ئاساس. قوشۇمچە تىببىي . ئىلمىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەن دېمەك . يېڭىچە مائارىپ مۇشۇنداق شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ . يېڭىچەبولغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق قالاق ھېسابلانغان مەدرىس مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيلەشتىن ئىبارەت تارىخى ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزىۋېلىپلا قالماستىن   خىرىستانلارنىڭ مائارىپ ئارقىلىق سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشنى ئالدىنى شەرت قىلغان .

شۇ سەۋىبتىن جەددىزىم ھەركىتىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى دەسلەپ  بارلىققا كەلگەندە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ   خىرىستانلارنىڭ سىڭىپ كىرىشكە قارىتا كۈچلۈك ئۆزىنى قوغداش خاھىشنى ئاساسى نۇقتا قىلغانىدى. بولۇپمۇ تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى كېرىمئاخۇن ئۆز تەربىيەسىنى تازان دارىل مۇئەللىمىندە ئالغانلىقتىن . تاتارلارنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ۋە شۇ دەۋردىكى دەۋر چۈشەنچىلىرى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقتىن . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاتارلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ماس كېلىدىغان مائارىپ ئۇسۇلىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىپ جەددىزىم مائارىپىنىڭ بىخلىرىنى ئاساسلىق تارقاتقۇچىغا ئايلانغانىدى. تاتارلار ئۆز مائارىپىدا ئاساسلىق ئۇچۇرنى تىل ـ يېزىقىدا قوبۇل قىلغاچ  كېرىم ئەپەندى يەنە تاتارلارنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىدا روس تىل دەرسلىكلىرىنى تەسىس قىلىپ ـ  تىل ـ يېزىقىدىن قالسا ئاساسلىق ئۆتۈلىدىغان چەت تىل يېزىقى ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ـ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى ئەندىزىسى تاتار مائارىپىنىڭ

كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى بويىچە كۈندە تۆت سائەتلىك دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دەسلەپكى باسقۇچتىن باشلاپلا ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىمتىھان نەتىجىلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلاتتى. مەسلەن . ئەيۇل ئەلا (بىرىنچى دەرىجە ) ) ئەلا ( ئىككىنچى دەرىجە ) ) ئەۋسات (ئوتتۇا دەرىجە ( (ئۆتەلمەي قالغانلار ) قاتارلىقلار . ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى پۈتكۈل كەنت ئاھالىسى ۋە يۇرت چوڭلىرى قاتناشقان ئەھۋالدىپلىپ بېرىلىپ . ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تۆت دەرىجە بىلەن پەرقلەندۈرۈپ مۇكاپاتلىناتتى. بىرىنچى دەرىجىگە تەھسىننامە . ئىككىنچى دەرىجىلىكەرگە ئايرىمانە ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەر تەقدىرنامە تۆتىنجى دەرىجىلىكلەرگە شاھادەتنامە تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ئىچىدە ئالاھىدە ئابرۇيغا ئىگە بولغاچقا . ئەر ئوقۇتقۇچىلار خەلپىتم ياكى ئەپەندىم . ئايال ئوقۇتقۇچىلار موللا ئاچا دەپ ئاتىلاتتى ھەمدە دەرىجە بويىچە مائاش تارقىتاتتى. كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلار ۋە يېتىملار ئۈچۈن خائىدەلىك يادەم پۇلى تارقىتىلىپ ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەك ۋەتاماق راسخۇتى بىلەن تەمىن ئېتەتتى. دېمەك . ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى دەسلەپتە مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا كۈچلۈك ئىقتىسادى كاپالەت ۋە مۇنتىزىم مائارىپ تۈزۈمىگە ئىگە بولغان بولۇپ . كېيىنكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇل تاشلىق رولىنى ئوينىغان بۇ مائارىپنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر تەرىپى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ قىزلارنىمۇ مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەن . بۇ مەزگىلدىكى مەشھۇر ئايال ئوقۇتقۇچى راھىلە موللا ئاچا بولۇ ئۇ ئۆز تۆھپىسى ئارقىلىق كېرىمئاخۇن بىلەن بىر قاتاردا يېڭىچە مائارىپ يولىدىكى ئاساسچىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان راھىلە بۇۋىم (1860 ـ 1917) ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ) مەرىپەرتپەۋەر مۇھەممەت سولتان خەلپىتم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆز ساۋاتىنى دادىسىدىن چىقارغاندىن كېيىن ئابدۇللا ماناپ داموللا. چوڭ غوجىكام قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. دادىسى مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتم ياش چاغلىرىدا يۇرت كېزىپ سودىگەرچىلىك قىلغاچ ئىلغار دۇنيا قاراش يېتىلدۈرۈپ . ئۆز پەرزەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن زېھنى قۇۋۋىتىنى ئايىمىغان .

ـ 1885يىلى يېڭىچە مەكتەپ تەسىس قىلغاندا باھاۋۇدۇنباينىڭ قىزلىرىنى ئوقۇتىشتا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ

Unregistered

كىشلەر قارىشى چىققاندا باھاۋۇدۇنباي ئىشنى ئاۋۋال ئۆزى باشلاپ ئۆز جەمەتىدىكى ھاجى خېنىم . زەينىسا خېنىم . ئايزىم خېنىم . بۇۋىھەجەر خېنىم قاتارلىقلارنى ئالدى بىلەن مەكتەپلەرگە بەرگەن .شۇنىڭ بىلەن ـ مەرىپەتپەرۋەر كىشلەرمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرگەن مۇشۇ چاغدا ئايال ئوقۇتقۇچى تېپىش باھادۇنباينىڭ بېشىنى قېتىۇرۋاتقان چاغدا راھىلە موللا خېنىم ئۆز دادىسىنىڭ مەدىتى ۋە ئۆزىنىڭ جاسارىتى ئارقىلىق مۇئەللىملىك ۋەزىپىسنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن زور زىلزىلە قوزغاپ فىئودال كۆز قاراشلارغا قارشى ئوت ئاچقان . دىنى دەرس . ئىملا . ھېساب . جۇغراپىيە قاتارلىقلاردا ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەپ ئويغۇر يېڭىچە مائارىپىدا ئايال مۇئەللىملەر كەم بولىشتەك ئەھۋالنى پەسەيتكەن ھەم دالائى ئىلمىيات (ئالەمغا دالالەت قىلغۇچى ) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان . دېمەك . مائارىپ دەسلەپ ھوجۇدقا كېلىش بىلەنلا خۇددى دەرەخكە ئوخشاش كۆكلەپ ئىلىم دەرىخىدىن خەلققە ئۆز مېۋىلىرىنى تەقدىم قىلغان .

Unregistered

ـ 1888يىلى مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرى كېرىمئاخۇن 28يېشىدا ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئەمدىلا كۆكلەپ بىخ سۈرۋاتقان مائارىپ ئۈچۈن بىر جۇدۇنغا يولۇققاندەك ئىش بولىدۇ. كېرىمئاخۇننىڭ ۋاپاتى يېڭىچە تەربىيە ئالغان بىردىنبىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يوقۇلىشى بولۇپ . مائارىپنىڭ ئۆزچەل "مى قىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. باھادۇنباي 1890 ـ يىلى ئابابەكرى قاتارلىق كىشلەرنى تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىپ كېرەم ئەپەندى قالدۇرغان بوشلۇقنى تولدۇرۇدۇ .ئابابەكرى ئەپەندى 1890 ـ يىلدىن 1896 ـ يىلغىچە بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسنى ئۆتەپ يېڭىچە مائارىپنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالىدى .

باھادۇنباي باشلاپ بىرىشى نەتىجىسىدە ئاتۇشتا مەرىپەت دولقۇنى ھاسىل قىلىپ ۋاقۋاق كەنتىدىكى تاشئاخۇنۇم 1884 ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا پەننى مەكتەپ ئېچىپ ـ موللا مۇھەممەت خەلپىتىم بىلەن بىر قاتار ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ مەكتەپ نامىنى تاشئاخۇنۇم مەكتىۋى دەپ ھەر قايسى يۇرتلاردىن بالا قوبۇل قىلىپ ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ جامائەت ئىچىدە زور تەسىر قوزغاپ ئاتۇشنىڭ كېيىنكى مائارىپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مانىۋېرلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. يېڭىچە مائارىپنىڭ كېيىنكى دەۋرى يېڭىچە مائارىپ بارلىققا كەلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ياخشى كەيپىيات ۋە يېڭى ئۇنۇم

مۇسابايلار جەمەتىدە ئۆزلىرى قوزغىغان مائارىپ ئىشلىرىغا قارىتا ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ .

مۇساباي ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ۋەسىيەتلىرىدە بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆشرە ـ زاكات ۋە مەكتەپ مەدرىسلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى تاپىلاپ ـ مائارىپنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ .

ئۇ ئۆز ئوغۇللىرىغا بايلىقىنىڭ ۋارىسى بولۇڭلار دېگەن قىممەتلىك ھېكمەتنى قالدۇرىدۇ. 1895 ـ يىلى مۇسا باي ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆز ئوغۇللىرىغا ھەبىب ئەجەم گۇمبىزىنى ياساپ چىقىشنى ئۇنىڭ يېنىغا ئازدە مەكتەپ بەرپا قىلىشنى ئاخىرقى ۋەسىيەت قىلىپ كېتىدۇ .

مۇساباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەبىب ئەجەم مازىرىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن يېڭىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى 1896 ـ يىلى رەسمىي باشلىنىدۇ. 1898 ـ يىلى گۇمبەز ۋە مەكتەپ پۈتۈپ ئازدە يورۇق سىنىپلار قەد كۆتۈرىدۇ. شائىر تەجەللى بۇ ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلارغا ۋە قۇرلۇشقا ئاتاپ مەدھىيە شېئىرى يازىدۇ .

مۇسابايلار يالغۇز قەشقەر تەۋەسىدىلا مەكتەپ ئېچىپلا قالماستىن ئۆزلىرى ئىگىلىك تىكلەپ روناق تاپقان غۇلجىدىمۇ يېڭىچە مائارىپنىكى كۆلىمىنى رورايتىدۇ .

ـ 1895يىلى ھۈسەنباي ياقۇپ ئاخۇن قاتارلىق كىشلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھۈسەنبايىنىڭ ئاغىنىسى كەنجە قۇم ئىلىدا مەكتەپ تەسس قىلىدۇ .

# ئەدەبىيات ئوقۇتۇشدا ئەخلاقىي تەربىيگە سەل قارىماسلىق لازىم

ئەدەبىيات دەرسلىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر دەرس ھەربىر تېكىست ئوقۇغۇچىلارغا بەدىئىي زوق بېغىشلاپلا قالماستىن مۇئەييەن دەرىجىدە جەمئىيەتنى چۈشەندۈرىدۇ

ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.

نۆۋەتتىكى نىشانلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش  دەرسكە بىرلەشتۈرۈپ ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش قايتا _ قايتا تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ_ ئايرىم مەكتەپ_ قىسمەن ئوقۇتقۇچىلاردا نوقۇل ھالدا ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىنى قوغلىشىپ كۆنۈكمىلەرنى >> سوئال _ جاۋاب << قىلىپ يادلىتىدىغان_  << جەدۋىلى  دەرس پروگراممىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ  مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ بولغۇچە دەرسنى نەچچە رەت >> ئۆتكۈزۈپ << بولىدىغان  تېكىستتە قانداق ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇنلىرىنىڭ بارلىقى بىلەن كارى بولماي >> ئوقۇتۇش  يازدۇرۇش << ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئەخلاقىي تەربىيە نىشانىنى دەرس تەييارلىقىغا ۋە ۋەزىپە ئۈچۈن يېزىپ قويۇپ ئەمەلىي ئىجرا قىلمايدىغان ئەھۋاللار ھېلى ھەم مەۋجۇت. بۇنىڭ بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى تولۇق جارى قىلدۇرۇلماي  ئېغىزدا سۆزلەپ قويۇپلا ئەمەل قىلمايدىغان دەرسلىكتە سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشقا تەتبىقلىمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا قانداق قىلغاندا ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ . تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى يۈزەكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

.1دەرس تېكىستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەربىيىۋى مەزمۇنلارنى تولۇق تېپىپ چىقىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى تىپىك مىساللار ئارقىلىق دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

.2سوئال سوراش ئارقىلىق يېتەكلەپ ئىجابىي  سەلبىي تەرەپلەرنى ئېنىق تونۇتۇپ ياخشى _ يامان_ توغرا _ خاتانى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق

پەيدىنپەي ئۆز _ ئۆزىنى چەكلەش تۈيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

.3ھەر بىر دەرس تېكىستى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەربىيىۋى مەزمۇننى قايىل قىلارلىق پاكىتلار بىلەن يەتكۈزۈپ كىشىلىك تۇرمۇشقا تەتبىقلاش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆندىلىك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

.4دەرس تېكىستىدىكى ئىبرەتلىك مەزمۇنلارغا قارىتا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى يازدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆزىتىش - ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتىن سىرت ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

.5ئوقۇتقۇچى دەرس جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن ھەر قانداق جايدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئادەم تەربىيلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئادەم تەربىيلەش ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ قويۇپلا ئۆزى ئەمەل قىلمىسا يامان ئىشلاردىن قول ئۈزمىسە ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي ھالدا ئوقۇتقۇچىلىرىنى دوراپ يامان ئىشلارنى ئۆگىنىدۇ. تەلىم _ تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

.6ئوقۇغۇچىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا كۆزىتىش تەجربە قىلىشنى سىي مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئاپتورى _ ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا مېيى ئوتتۇرا مەكتەپتىن _ ئىبراھىمجان ھېزىم.

Unregistered

## ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ژورنىلىدىن ئېلىندى.

مىللىي ماتارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

>شىنجاڭ سەنئىتى < ژورنىلىنىڭ بۇ يىلقى خەنزۇچە 1 ـ سانىدا بېسىلغان، خەن زىيۇڭ، لى لىن ئىسىملىك ئىككى ئاپتور يازغان> تەبىئەت، مەدەنىيەت، ئىنسان < ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، غەربى دىياردا ياشاپ كەلگەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلار ۋە مىللى مائارىپىمىز توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم.

ماقالىدە غەربىي دىيارنىڭ > تەبىئەت ئانىسى < مۇھىتىدا كۆچلۈك، مىللى ئۇيۇشۇشچانلىق ئاجىز، سودا ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى كۈچلۈك، سىياسى ئىقتىدارى ئاجىز، ھېسسىياتچان ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەقلى بىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، يېڭىلىققا قېزىقىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆزىنى بىلىش ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ئىقتىدارى ئاجىز ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئائىلىسىنىڭ روھىي مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. ماقالە ئاپتورلىرى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ چەتكە قېقىش كۈچىدىن كۆپ ئاجىزلىقنى، تارىختا، ئاتا ـ ئانىغا، پېشقەدەم نامايەندىلەرگە، ئەنئەنىگە بولغان ھۆرمەت، ۋارىسلىق ۋە قەدىرلەش ئېڭىنىڭ ئۇنتۇلۇش، قەدىرلىمەسلىك، بىپەرۋالىقتىن كۆپ ئاجىزلىقنى تىلغا ئېلىش بىلەن بۇ مىللەتلەرنىڭ يادرو ھاسىل قىلالماسلىقى، تۆت ئەتراپىدىكى ئۇيۇشقان، يادرو ھاسىل قىلغان سىياسى ھاكىمىيەت كونتروللۇقنى تەقدىر قىلغانلىقى، سەرگەردان مىللەتتىكى، مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ باشقا خەلقلەر تەزكىرىلىرىگە نامى چۈشۈپ قالغانلىرىدىن باشقىلىرى ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن بىللە چەكسىز قۇم دېڭىزىغا بۇلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ يورۇق بايان قىلغان.

ماقالىنى ئوقۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قاتار تارىخىي ئەنئەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنىڭ نوقۇل> تەبىئەت

Unregistered

ئانىسى <قېلىپىدا شۇنداق ئەزەللىككە ئىگە بولۇپ يارالغان دېگىلى بولمىسىمۇ، ھازىرقى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە روھى مۇھىتىدا ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغان ئۈچ مۇھىم ئىللەت ۋە ئاجىزلىقنى قايتا ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن يۇقىرقى ئىككى ئاپتورنىڭ ئوچۇق-يورۇق ئىلمي پوزىتسىيىسىگەتەسەننا ئوقۇش كېرەك.

مەن ئىلگىرى يېزىپ ئېلان قىلغان > روھنى ساغلاملاشتۇرۇش-مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى < > ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار< > مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىشى ۋە موتىسىيالىستىك مەدىنىيەت ئۈچ بۇرجىكى< > يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ مىللەت< ، نامىلىق ماقالىلىرىمدە خەلقىمىزنىڭ روھىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت پىسخىكى، تۇمۇش شەكلى جەھەتلەردىكى بىر قاتار ئىللەتلەرنى يۈز خاتىرە قىلماي كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ (يۇرتۋازلىق، كەسپىي ھەسەتخورلۇق، پىتنە-ئىغۋاغا ھېرىسمەنلىك، ئۆزىدىن چىققان ياراملىق كىشىلەرنى چۆكۈرۈش، بىر-بىرىگە ئورا كولاش، قەست قىلىش) بىزدىكى ئاساسىي ئىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدىم.

ھېسسىياتقا بېرىلىش، گاھى قەھرىمان، گاھى غەرىبان، گاھى خۇشخۇي، گاھى چۈشكۈن روھىيەتكە ئەسىر بولۇش، ئوقتەك قىزىپ نىكاھلىنىپ، تېزدىن سوۋۇپ ئائىلىنى ۋەيران قىلىش، غەزەپكە پايلىماي پاجىئە ھاسىل قىلىش، بىكار تەلەپ، سۆلەتۋازلىق قاتارلىقلارنى دائىم يولۇقتۇرۇپ تۇرىمىز. مۇھىمى شۇكى، مىللىتىمىز ئۇمۇمەن ئەقلىي، مەنتىقى، نەزەرىيىۋى، ئىلمي تەپەككۇرغا نىسبەتەن ھېسسىيات ۋە ئۆز ئالدىدىكى روھي كەيپىيات بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئېغىر دەرىجىدە مايىل. بىزدە شائىرلىق، يازغۇچىلىق، ئارتىسلىق، سازەندىلىك، ناخشىچىلىق خاھىشى ئىلمي ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدىن كۆپ كۈچلۈك.

بىزدە ئەنئەنىۋى ئاك تولىمۇ ئاجىز، ئاتا-ئانىلارنى، پېشقەدەم جامائەت ئەربابلىرىنى، ئۇستازلارنى

UnRegistered

هۆرمەتلىمەسلىك، ئۇلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئۆزتارىخىنى ئىزچىل ـ مەنتىقى چۈشىنىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى، قۇرۇق قايىل چىلىق ۋە ئەقىدىۋازلىق تۈپەيلىدىن تۈزۈكرەك ساقلاپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزمۇ يوق. تارىخىمىزنىڭ خېلى بىر قىسمى گاھىدا ئۇ ئىشان، گاھىدا بۇ خوجىنىڭ ئارقىسىدىن مۈرىت بولۇش بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتكەن. بۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا دىققىتىمىز بىردىنلا مىللىي مائارىپىمىزغا بۇرالدى .

مائارىپ ـ ئىنسانىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن مەدەنىيەت دۇنياسىغا، جاھىللىق ئالىمىدىن ئارىفلىق ئالىمىغا قايتا تۆرەلدۈردىغان ئۇلۇغ بىنا كارلىق، مىللىي مائارىپ نىسپىي مەنىدىن ئېيتقاندا شۇ مىللەتنىڭ كونكرېت تارىخى، ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە روھىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان، قاراتمىلىقى كۈچلۈك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا قارتىلغان مىللىي مائارىپ ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ ھالقىلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئېنىق بايقىغان ۋە قاراتمىلىقىقا ئىگە تەلىم ـ تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى رۇشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇشى لازىم. مېنىڭچە، ھالقىلىق مەسىلە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ھېسسىيا قۇرۇلمىسىنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىن ئۈستۈن بولۇش ھادىسىسى، تەربىيە ئارقىلىق تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىشتىن ئىـ ـ . بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي مىللەتنىڭ ئىچكى، تۈپ يۈزلىنىشى ۋە تارىخى، ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق مەسىلىسىنى چۈشەندۈرگىلى، تەدرىجىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مەلۇمكى،> مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى ـ خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىن ئىبارەت) <چېرنىشۋىسكىي)

خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئاخىرقى ھېسابتا نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا باغلىق . نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەل ماركس تەرپىدىن> ئۆز زامانىسىنىڭ مەنىۋى تاجى < ـ ئاتالغان ئىلمي تەپەككۇر ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇردىن ئىبارت.

مىللى مائارىپ ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىگەن ھالدا

Unregistered

تەربىلەنگۈچىلەرگە پەلسەپە ، تەبىئەت پەنلىرى ، قانۇنشۇناسلىق ، جەمىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخى پەنلەردىن نۇقتىلىق تەربىيە بېرىشى ، ئوقۇغۇچىلارنى ماتېماتىكا ، لوگىكا ۋە سىياسىي ـ ئىقتىسادقا ئائىت پەنلەرنى ئىگىلىشىگە كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك .

فېيختىۋانگېر> مەنتىقىي تەپەككۇر ئىنسانىيەت تەڭرىسى < دېسە ، ئېنگېلس > دۇنيادا بىرەر مىللەت ئالدىنقى قاتاردا تۇرمەن دېسە ، نەزەرىيۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇشى لازىم < دېگەنىدى . ئەلۋەتتە ، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە نەزەرىيۋى تەپەككۇر يوق دېگەنلىك ئەمەس ، بۇ ، پەقەت بىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە نىسبەتەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرى ، گېزىت ـ ژورناللارغا نىسبەتە ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن پەلسەپە ، تەبىئەت پەنلىرى ، ئىقتىساد ، قانۇن شۇناسلىق ، جەمئىيەت شۇناسلىق ، تارىخ شۇناسلىققا ئوخشاش غوللۇق ئىلمىي ، نەزەرىيۋى تەپەككۇر ۋاستىلىرى ، ئىجادىيەت خاھىشى ۋە نەتىجىلىرى تولىمۇ كەم دېگەنلىك .

بىز ئائىلىلەردىن جەمئىيەتكىچە كىشىلەرنى قائىدە ـ پىرىنسىپلار بويىچە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ، سۆزلەيدىغان ، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ، مۇستەقىل پىكىر يۈگۈزەلەيدىغان قىلالىساق ، بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ نەزەرىيۋى تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەپ ، تەبىئىي پەن كۇرۇژۇكلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ ، ئۇلاردا نەزەرىيۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىنى ئىگىلەشكە ئىنتىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلىسەك ، بۇ مەقسەتتە بۇشاشماي بىر قانچە يىل قېتىرقىنىپ ئىشلىسەك چوقۇم كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنالايمىز .

نەزەرىيۋى تەپەككۇرنىڭ ئۇستۇن ۋە ئەۋزەل مۇھىتىنى يارىتىش ، مىنىڭچە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئېڭى ۋە تارىخىي خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىشى كېرەك

## ئوقۇتقۇچى روھى ۋە مائارىپ

Unregistered

ئەگەر ئاتاڭ بىلەن ئوقۇتقۇچۇڭ بىرلا ۋاقىتتا تۈرمىگە تاشلىنىپ  ئۆلەردىن بىرىنىلا كېپىللىككە ئېلىپ چىققىلى بولسا  بالا بولغۇچى ئىكەنسەن  ئاۋۋال ئوقۇتقۇچۇڭنى كېپىللىككە ئېلىپ چىق. _ يەھۇدىي ھېكمەتلىرىدىن

ئوقۇتقۇچى_ بىر مىللەتنىڭ نادانلىقتىن ئىبارەت مەنۋى كېسىلىنى شىپا تاپقۇزۇش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىپ ھارمايدىغان خالىس تۆھپىكار .شۇڭا  بىزدە جاپالىق مېھنىتى بەدىلىگە ئىنسان قەلبىنى ئىلىم بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلىگەن ئۇستازلارنى قەدىردان ئاتا ـ ئانىمىز بىلەن بىر قاتاردا  ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك ئېسىل ئەنئەنە بار. باللىرىمىز كىچىكىدىن تارتىپ ئاغزىغا ئىلىم نېنىنى سالغان ئوقۇتقۇچىنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ كەلگەن... ... ـ ئانىلارمۇ بىلىم ـ ئىستېدات نەمۇنىلىرى بولغان ئۇستازلارنى يۈكسەك ئورۇنغا قويغان. ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئەمەل. شۆھرەت. ھۆرمەت تەمەسىدە بولماي. ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ۋەتەننىڭ كېلەچىكى ھېسابلانغان ئەۋلادلار ئۈچۈن ئايىماي سەرپ قىلغان. قىسقىسى. مىللىتىمىزدە قايسى دەۋردە بولمىسۇن ئىلىمنى ئۇلۇغلاش. ئىلىمنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتىش. ئۇنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش خىسلىتى خۇددى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن بۈگۈنكى مائارىپ ئەھۋالىمىزغا سەممىيەت بىلەن دىئاگنوز قويىدىغان بولساق  ئىلگىرىكىگە ئانچە ئوخشاشمايدىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز ھازىرقى مائارىپ ئەھۋالىمىز ھەققىدە بەزى سوغۇققان مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ مۇلاھىزىلەردە قايناش. ئاغرىنىش. خۇرسىنىش ۋە ئۈمىدسىز كەيپىياتلار كۆپ بولدى. بۇنداق بولۇشتىمۇ مەلۇم سەۋەپلەر بار. ئەلۋەتتە. ئەمما ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈگۈزسەك  ئاغرىنىشىمىزغا

Unregistered

ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ. چۈنكى. خۇرسىنىش ئۈمىدسىزلىنىش ھاياتىي كۈچىنىڭ ئاساسەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ياكى ئۇ ئاجىزلارنىڭ ھايات مەنتىقىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا. قېنى كىم بىزنىڭ مائارىپىمىزنى ھاياتلىق ھۆججەيرىسى قۇرۇپ كەتكەن مۇردا دېيەلەيدۇ مائارىپىمىز يېتىشتۈرۈپ چىقىۋاتقان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار دوكتورلار شائىر ئەدىبلەر سەنئەتكارلار نېمىنىڭ مەھسۇلى ئۇ نەتىجە ئەمەسمۇ بەلكىم بەزىلەر مائارىپىمىزدىن باشقىچىرەك نەتىجە كۈتىدىغاندۇ. ھاياتلىق بار يەردە ئارزۇ ـ تەلەپ بولىدۇ. ئەمما. تەلەپ سەۋەپ ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار نەرسە. بولمىسا. تەلەپ قىلغۇچى ئازاب بىلەن بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ. شۇڭا. نېمىنى تەلەپ قىلىشنى بىلىشمۇ بىلىم ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بىزنىڭ مائارىپىمىز ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتىدۇ. ھايات ئۇنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. بىز تەپەككۇر بار يەردە ھاياتلىق بار دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا. بىزنىڭ مائارىپىمىز ـ . بەلكى ئۇ ئاجايىپ زور يوشۇرۇن ئىستىقبالغا ئىگە. چۈنكى. ئۇ پىكىر قىلىۋاتىدۇ.

ئەگەر راستتىنلا ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە مائارىپىمىزدىن ئەمەس. مائارىپ روھىمىزنىڭ يىگىلەپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىش كېرەك. مائارىپ روھى ئۆلگەن يەردە مائارىپ بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ مائارىپ روھى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئېتىقادىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مائارىپ روھى ئاساسلىقى ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشدۇر. تېخىمۇ كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا. پىكىر قىلىش ۋە ياشاش روھىدۇر .ئەگەر مائارىپ روھى بولمىسا 100 قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ مىليۇن كىشىلىك تەربىيىلىگۈچىلەر قوشۇنىنىڭ بولۇشى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. مائارىپ روھى ئۆلمىگەن جايدا ھەربىر ئائىلە مەكتەپكە ھەربىر ئاتا ـ ئانا لەيچان ئۇستازغا ئايلىنىدۇ.

UnRegistered

بۇ جەھەتتە يەھۇدىيلاردىن ئۇلگە ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇلار 2000 يىلدىن كۆپرەك سەرسان ـ سەرگەردانلىق ھاياتىدا فاشىستلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا باشلىرى چېپىلسىمۇ كۆزلىرى ئويۇۋېتىلسىمۇ مىللىي روھىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالمىدى .ئۇلارنىڭ مىللىي روھى بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان مىللىي ئېتىقاد ئىدى. ئۇلار ھەممىدىن بەك مائارىپقا ئەھمىيەت بەردى. مائارىپ ئارقىلىق بىلىم ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. غايە مەشئىلى تويتوغرا 2000 يىل لاۋۇلدىدى. ئۇلار ئاۋۋال ئەقلىغا سىغىندى. ئەقىل ئارقىلىق پۇل تاپتى. پۇل ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى بىزگە مىللىي روھ (مائارىپ روھى). بىلىم ۋە ئەقىل ھەم ئويۇشقاقلىق بولىدىكەن ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى جانلىق ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك.

يەر شارىدا بەزى مىللەتلەرگە ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ماكان ئاتا قىلىنغان. ئۇلار ئالتۇن ئۈستىگە دەسسەپ يۈرۈشكەن. ھەربىر كۈنىنى خۇددى بايرامدەك خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزگەن. ئەمما تارىخنىڭ چاقى ئايلىنىپ. ھاياتنىڭ ئىككىنچى بىر يۈزىگە يۈزلەنگەندە. ئۇلاردا تۈيۈقسىز بىچارىلىك كۆرۈلگەن. ئۇلار ھاياتىمۇ تۆت پەسىلنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتمىگەچكە " بوران ـ چاپقۇن " ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغان. چۈنكى. ئۇلارنىڭ ھايات مەنتىقىسىدە جۇغراپىيىلىك ماكان ئەۋزەللىكىدىن پەيدا بولغان ھۇرۇنلۇق ۋە بىپەرۋالىق ئىزنالىرى بار. ئۇلار باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان نەرسىگە سەل قارىغان.

يۇقىرقى سېلىشتۇرمىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى ئىنسانغا ھەقىقى ئەسقاتىدىغان نەرسە بىلىم ئەقىل ۋە ھايات تەجرىبىسىدۇر. ماقالىنىڭ باش قىسمىدا دەپ ئۆتكەندەك. بىز

Unregistered

بۇ جەھەتتە ئېسل ئەنئەنگە ئىگە. ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىقنىڭ رەڭدار گۈللىرى ئەنە شۇ تۇپراقتا بىخلىنىدۇ. چېچەكلەيدۇ. مېۋە بېرىدۇ. ئۇنداقتا. ئەنئەننى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك ئەنئەنە ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ياكى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن غەلبە ـ نۇسرەتلەر ئەمەس. بەلكى ئاشۇ مۇقەددەس غەلىبىلەرنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش روھىدۇر. مانا بۇ ھەقىقىي ئەنئەنىدۇر. بىر مىللەتنىڭ مائارىپى شۇ مىللەتنى ئەنئەنىسىنى تېپىۋېلىشقا يېتەكلىشى. شۇ ئاساستا بۈگۈننىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىغا جاۋاب ئىزدىشى كېرەك. ھازىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى باشلىنىپ كەتتى. مەركەزنىڭ " غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش " چاقىرىقى شىنجاڭدا بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇ كۈرەش دەل مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدۇر . ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر ئۆز زامانىسىغا خاس بىلىم قابىلىيەت ئىگىسىگە ئايلانمىسا ھەتتا ئۆز قورسىقىنىمۇ باقالماي چ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر _ كاللىسىدىكى بايلىق ئېچىلسا بەخت ئىشىكى ئېچىلىدىغان " ـ " "ئالتۇن" " ئايلىنىدىغان" كاللىسىنى دات باسسا" ئەقىل پىچىقى گال بولسا "ئالتۇن" مۇ " " " " ئېلىنىپ قالىدىغان دەۋر. شۇڭلاشقىمۇ مائارىپقا بولغان ئېھتىياج زورىيىپ كەتتى . نۆۋەتتە ھەربىر ئوقۇتقۇچى بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىسە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىكى مائارىپ روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇپ يېتىپ بەختىيار كېلەچەككە ئۇل سالمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى . "دۆلەتنىڭ ئۈمىدى مائارىپتا مائارىپنىڭ ئۈمىدى ئوقۇتقۇچىلاردا." بۇ سۆز ناھايىتىمۇ جايىدا ئېيتىلغان .ئۇنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ!

ئاپتور_ پىچان ناھىيە پىچان يېزا ماچاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن گۈلنىسا سەيپۇل.

Unregistered

تەلىم تەربىيە ساختىپەزلىكنى كوتۇرمەيدۇ

مەن مۇنداق بىر ھىكايىنى ئاڭلىغان ، >>بۇرۇنقى زاماندا شۇنداق ۋەھشى ،ئاچكۆز بىر قاراقچى بولغان ئىكەن ،ئۇ ئۇچراتقان ئولجىسىغا ھەرگىزمۇ ھىچ ئاغرىتمايدىكەن ،ئادەم ئولتۇرگەندە كۆزىنى چىمىلدىتىپمۇ قويمايدىكەن ،ئۇ ئولۇپ كىتىپتۇ ،19 ـ قاۋەت دوزاققا چۈشۈپتۇ ،ئۇ ئۆزىنى دوزاققا لايىق دەپ قارايدىكەن ،لىكىن ئۇ تۇيۇقسىز 20 ـ قەۋەت دوزاقتىن ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ،ئۇ ھەيران قاپتۇ ،مەندىنمۇ ئىغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىمدۇ دەپ ئويلاپ ،ئۇنىڭدىن سەن كىم نىمىشقا 20 ـ قەۋەت دوزاققا چۈشۈپ قالدىڭ ؟ دەپ سوراپتۇ ئۇ دەپتۇكى مەن دوختۇر ئىدىم ،تىخنىكامنىڭ تۆۋەنلىكى ،ۋە مىنىڭ سەۋەنلىكىم سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشى مىنىڭ قولۇمدا ئولۇپ كەتتى دەپتۇ . ئۇ يەنە بىر نەچچە كۈندىن كىيىن 21 ـ قاۋەت دوزاقتىن ئاۋاز كىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپتۇ ، ئۇ تىخىمۇ ھەيران قاپتۇ ،بۇ كىمدۇر ئەمدى ؟؟ ئۇ يەنە سوراپتۇ ،سەن كىم ؟مەندىنمۇ ،دوختۇردىنمۇ ئىغىر گۇناھ قىلغۇدەك سەن نىمە ئىش قىلغان ئىدىڭ ؟ بۇ كىشى دەپتۇكى :مەن ئوقۇتقۇچى ئىدىم ،مىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىگىم ،بى پەرۋالىغىم ،بىلىمسىزلىگىم تۇپەيلى نۇرغۇن ئەۋلاد بىلىمسىز ،نادان بولۇپ يىتىشىپ چىقتى ،شۇڭا مەن بۇجازاغادۇچار بولدۇم دەپتۇ < گەرچە بۇ ھىكايە توقۇلما بولسىمۇ ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنىڭ، مەسئۇلىيىتىنىڭ، ۋە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئانچىلىغان ئەۋلادلارغا چوڭقۇر ئاساس سالىدىغانلىقىنى ،ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى ،بولىدۇ ،تەلىم تەربىيەدە سەۋەنلىك ئوتكۈزۈشكە بولمايدۇ ،بولمىسا بۇنىڭ زىيىنىنى تولۇقلاش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ سۆزلەرنى قىلىشىمدىكى مەقسەت ، مىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچى دوستۇم بار ئىدى ،ئەسلىدە ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى ،يىقىندا خىزمەت مۇناسىۋتى بىلەن يەنە بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ياردەمگە

Unregistered

ئىشلەۋاتىدۇ ،ئۇ ماڭا پات ـ پات بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار خالىغانچە چىقىپ كىتىدىغانلىقى ، بىر بىرسىنىڭ دەرسلىرىنى ئورنىغا ئوتەپ قويىدىغانلىقىنى ،بەزىلىرىنىڭ كىيىم كىچەك ۋە يۇرۇش تۇرۇش ،گەپ سۆزلىرىنىڭمۇ تازا ئوقۇتقۇچىغا لايىق ئەمەسلىگىنى ئيتىپ بىرەتتى ھەم بۇنىڭ سەبىي باللارغا قانچىلىك زىيىنى بولىدىغانلىق ھەققىدە سۆزلەپ پۇچۇلنىپ كىتەتتى، بۇ دوستۇم خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل ھەم مەسئۇلىيەتچان ،بىر كۇنى شۇنداق كۆڭلى پەرىشان مىنى ئىزدەپ كەپتۇ ، ئۇنىڭ دىيىشىچە شۇ كۇنى بۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە يوقىرىدىن قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلەشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۇرۇپ كەپتۇ ، بىراق بۇ مەكتەپ مەسئۇللىرى قانداق قىپتۇ دىمەمسىلەر ؟؟

ئەسلى يوقىرىدىن بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۇرمەكچىكەن ،بىراق ئۇلار كۆز بويامچىلىق قىلىپ ،ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى سىنىپتىكى خەنزۇ تىلىدا ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ بىرىنچى سىنىپقا ئەكىرىپ ،بىرىنچى سىنىپتىكى ئاشۇ سەبى باللارغا> بىلمەيدىغانلار چىقىپ كىتىڭلار < ئۇلارنى ئىككىنچى ئۇچىنچى سىنىپلارغا ۋاقتىنچە شۇ سىنىپتا دەرس ئاڭلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ، بۇ دوستۇم 3 ـ سىنىپقا دەرس ئوتىۋاتقان بولغاچقا قارىسا بىرىنچى سىنىپنىڭ بالىرى ئولتۇرغۇدەك ، ئۇ ئەھۋالنى دەرستىن چۇشۇپ بىلەي دەپ دەرسىنى داۋاملاشتۇرۇۋىرىپتۇ ،دەرسنى ئوتۇپ بولۇپ تەنەپپۇس بولغاندا ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى قويىۋىتىپ سىرتقا چىقىشىغا كاردىدوردىكى پايلاقچىلار يالغانچىلىقنى ئاشكارلىنىشىدىن ئەنسىرەپ ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپقا قايتۇرۇپ كىرگۇزىۋىتىپتۇ ، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئالدى كەينىنى بىلىپ بەكلا ئۇمۇتسىزلىنىپتۇ ، ئەتىسى بىرىنچى سىنىپتىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاپىسى تۇنۇگۇن نىمە ئىش يۇز بەرگەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ مەكتەپكە كىلىپ دەل مۇشۇ دوستۇمغا ئۇچراپ قاپتۇ ،بۇ ئانىنىڭ دىيىشىچە تۇنۇگۇن مۇ ئەللىم ئۇنى> مەن بىلمەن <دىگىنىگە قارىماي سەن باشقا سىنىپقا چىقىپ تۇر دەپ چىقىرۋىتىپتۇ ،بۇ ئىش بۇ بالىنىڭ قاتتىق غورۇرىغا تىگىپ ئويىگە بىرىپ ئاپىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ مۇئەللىم مىنى سىنىپتىن چىقىرۋەتتى دەپتۇ ،شۇنىڭ بىلەن بۇ ئانا بالىسىنىڭ بۇنچىلىك ئازاپلانغىنىنى كۆرۇپ مەكتەپكە ئەھۋالنى ئۇققىلى كەلگەن ئىكەن .

مائارىپقا ،ئوقۇ ئوقۇتۇشقا مۇشۇنداق ساختىپەزلىك قىلسا بولامدۇ ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ كۆز بويىغانلىق ،ھەقىقەتنى يۇشۇرغانلىق ئەمەسمۇ ؟ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ھەقىقى ئەھۋالنى بىلسە ئەلۋەتتە بۇ مەكتەپكە ھەم مۇشۇ ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان مەكتەپ ۋە ئوقوغۇچىلارغا قارىتا مۇۋاپىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بىراق ئۇلار توۋەندىكى مۇشۇنداق ساختىپەزلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى .باشقىنى دىمەيلا تۇرايلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا قىلغان بۇ ساختىپەزلىكىنى ئەجىبا ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار ھىس قىلالماسمۇ ؟ مىنىڭچە ئۇلارنىڭ كالىسىدە ئاللا بۇرۇن يالغان گەپ قىلسىمۇ بولىۋىرىدىكەن ،يالغاننى راستەك كورسەتسەكمۇ بولىۋىرىدىكەن دىگەن ئۇقۇم . كىلىنىپ بولغان بولىشى مۇمكىن . چۈنكى ئۇلار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردىغۇ .ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاتا ئانا بىلەن ئوقۇتقۇچى ئۇلار ئۈچۈن بىر ئۈلگە ئەمەسمۇ ؟

UnRegistered

تېخىمۇ كۆپ ئېلكتاپلار : jaipkar.uyblog.cn . سزنىڭ ھەرۋاقت قەدەم تاشرىپ قىلىشىڭزنى

چىن چىندىلىمدىن ئۈمۈد قىلىمەن !!!

تۈزگۈچى : ياسىنجان

ئالاقىلىشىڭ :

بەت ساندۇقۇم : koinlon@126.com

QQ : 492255230